بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

3

1998

مجلة اسلامية ثقافية علمية جامعة

www.uyghurkitap.com

# "جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ئەزالىرى يىغىنى ۋە ئىسلام مائارىپى خىزمەت يىغىنى" ئەھۋالىدىن خاتىرە




1998-يىل 5-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە "جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ۋە ئىسلام مائارىپى خىزمەت يىغىنى" بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان داموللا ھاجىمنىڭ دۇئا-تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. سۈرەتتە: يىغىن سەھنىسىدىن بىر كۆرۈنۈش.

(سالىھ فوتوسى)



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جەمئىي
تۇرۇشلۇق مەسئۇللىرى مۇھەممەد ھە
ۋەن ياۋبىن، نوئىمان ما شيەن، ئابدۇر
ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈ
شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار شىنجاڭ
كەلگەن ھەر مىللەت دائىمىي ھەي
ئەزالىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشت
(سالىھ فوتو



مەملىكەت بويىچە ئون ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى ئىسلام مائارىپى خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقان مەسئۇللىرى يىغىن مەزگىلىدە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

خەير-ئېھسان قىلىش ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىش توغرىسىدا

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

# «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن

" ئى مۆمىنلەر! سودا-سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللانىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار..." (2-سۈرە «بەقەرە»، 254-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

"(ئى مۇھەممەد!) سەندىن (ماللىرىنى) قانداق سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ' مال-مۈلكىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، ئاللا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ" (2-سۈرە «بەقەرە»، 215-ئايەت).

" ... ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللا ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ" (2-سۈرە «بەقەرە»، 195-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

" ماللىرىنى كېچە-كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير-ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ" (2-سۈرە «بەقەرە»، 274-ئايەت).

**" دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەملەردۇر"** (107-سۈرە «مائۇن»، 1-3-ئايەتلەر).

" يېتىمنى خارلىما. سائىلغا قوپاللىق قىلما" (93-سۈرە «زۇھا»، 9-10-ئايەتلەر).

# «ھەدىس شەرىپ»تىن

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" كىمكى ھالال كەسىپ بىلەن تاپقان مېلىدىن خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلسا، ئاللا پەقەت ھالال مېلىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئاللا ئۇنى قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن شۇ خورما چاغلىق نەرسىنى خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ تايچىقىنى ئوبدان بېقىپ ئۆستۈرگەندەك ئۆستۈرۈپ، سەدىقە قىلغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋابىنى تاغدەك زورايتىپ بېرىدۇ "(بۇخارى رىۋايەت قىلغان) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مېنى ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەر ئۈچۈن تېپىڭلار، چۈنكى سىلەرگە ھەقىقەتەن شۇ ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكاتىدىن رىزىق بېرىلىدۇ دېگەن( بۇخارى رىۋايەت قىلغان) .

*ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەق قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " تول خوتۇنلارغا ۋە مىسكىنلەرگە خەير-ئېھسان قىلغۇچىغا ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ياكى كېچىسى، ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابى بولىدۇ "(بۇخارى رىۋايەت قىلغان) .*

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن يېتىمنى باققۇچى ئادەم بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن ( بۇخارى رىۋايەت قىلغان) .

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林
CHINA MUSLIM
(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
مەسئۇل مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىكا تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053 تېل: 63513181(010)
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇپوچتانومۇرى:830001 تېل:2865729(0991)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
特聘编辑：热西提哈吉・瓦依提
技术编辑：阿布力孜・卡斯木
封面设计：哈吉瓦依提
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
(北京市宣武区南横西街 103 号)
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001 电话：(0991)2865729

# مۇندەرىجە

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پائالىيىتى

مۇھىم دىنىي ئىشلار بىللە مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش نامايان قىلىنغان يىغىن ........ ........................ ھاجى مەھمۇدى (5)

## ئىسلام ئەقىدىلىرى

دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار ........................ مۇھەممەد سالىھ (10)

جۇمە نامىزى ... شىرپىجا، ئەمىنوللا ھاجى، مۇختەرەم ھاجى (26)

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيلىك ئەدەب پەزىلەتلىرى ........................ چېن گۇاڭيۈەن (43)

ئىسلام دىنىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىمى ........ ھەبىبۇللا مەخسۇم (47)

## زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىكلەرگە لەنەت

ھاراقنىڭ زىيىنى .......... ئابدۇسەمەت قارىي مەخسۇم (48)

تاماكىنىڭ زىيىنى ................ ئىمىنجان داۋۇد (49)

## ياش ئىماملىرىمىز

تەڭ يېتىلىۋاتقان ئۈچ ياش ئىمام.................. ................... ئابلىمىت قۇربان ھاجى (52)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

ۋەتەن مېھرى ۋە ئانا مېھرى تۈرتكىسىدە مۆجىزە ياراتقان ئىلى ئوغلانى .................. ھەجەر سابىت (53)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇلىدا جەۋلان قىلغان يەنە بىر گۆھەر ........................ [illegible] (55)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

تۆھپىكار دىنىي زات ........................ مۇساجان ياسىن (58)
گۈلشەن مۇھەممەد قارىي ھاجىنىڭ خەيرلىك ئىشلىرى ........................ ئەھمەت نىياز (59)
ساخاۋەتلىك دىنىي زات ........................ سادىر سابىر (59)
دىنىي زاتلارنىڭ ھىممىتى ........................ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (60)
دىنىي زاتلار قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلدى ........................ يالقۇن سىراجىدىن (60)
ئۆز ئەجرى بىلەن بېيىۋاتقان دىنىي زات ........................ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (60)
خەيرلىك ئىشلار يولىدىكى ياخشى باشلامچى ........................ ھەسەنجان قارىي، تۇرسۇن بارات (61)
ئەمەت روزى ھاجى نامراتلارغا ياردەم قىلدى ........................ يۈسۈپ ئەرشىدىن (61)
يېڭىئاۋات يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار نامراتلارغا ياردەم قىلدى ........................ مۇھەممەد ئۆمەر ئابىدىن (62)
گۇما ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار نامراتلارغا ئىئانە ئاتىدى ........................ ئابلىمىت مۇھەممەد (62)
بېيىش يولىغا ماڭغان دىنىي زات ........................ سەمەت دالى (62)
ئاما ئارىسىدىكى ياخشى باشلامچى ........................ يالقۇن سىراجىدىن (63)
نادىر قارىي ھاجى مائارىپقا ئىئانە قىلدى ........................ سادىر سابىر (42)
نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش ........................ مۇھەممەد رەھىم توختى (63)

## ئىسلام مائارىپى

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي سىنىپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ........................ شاھمەردان ئىمىنىياز (63)

## خەۋەرلەر

كەلپىن ناھىيىسىدە ناچار ئادەتلەر ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىلمەكتە ........................ سەمەت دالى (64)
قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي ساھەدىكىلەر كۈرسى ئېچىلدى ........................ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (64)
دۆلەتباغ يېزىسىدا دىنىي خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنمەكتە ........................ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (25)
ئاۋات ناھىيىسىدىكى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئاكتىپ مۇشتەرىلىرى ........................ ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا (64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي قوۋۇق(نەنمېن)دىكى خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى. سۇ شىڭجى فوتوسى.

★ 1998-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★

# مۇھىم دىنىي ئىشلار بىللە مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش نامايان قىلىنغان يىغىن

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ۋە ئىسلام مائارىپى خىزمەت يىغىنى 1998-يىل 5-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئون ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى لى پېڭخۇا، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

5-ئاينىڭ 19-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ھارۇنخان داموللا ھاجىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن يىغىن باشلاندى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبىي ئاخۇن يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلەپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغانلىقىغا چىن دىلىدىن تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىنى، يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان ئەھلى ساھەلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەزمۇنلىرى، مۇھىم ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، يىغىننىڭ ياخشى ئېچىلىشى ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ ئۆز ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپرەك ئامال-تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى.

مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ بەرگەن خىزمەت دوكلاتىدا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى ئەتراپلىق خۇلاسىلەپ، نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”ئىككى يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ‹ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، مۇلازىمەتلىق› دېگەن خىزمەت پرىنسىپى ئاساسىدا، ئۆز قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى: (1) مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى چاقىرىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە قانداق قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلدى، ‹ئۈلگىلىك مەسچىت بەرپا قىلىش بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇس› نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى؛ (2) شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغانلىقى قاتارلىق زور ئەھۋاللارنى چۆرىدىگەن ھالدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتتى، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى؛ (3) دىنىي ئىشلار خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشتى. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، مەملىكەتلىك

ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ھەممە 20 گە يېقىن قارىينى تاللاپ، خەتتاتلىق قىرائەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇپ، بىرقەدەر ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى؛ تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى؛ (4) مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە قەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ماسلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىدى؛ (5) «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنى ياخشى چىقاردى؛ ئىسلام ئىلمىي تەتقىقاتى خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويدى؛ كىچىك نۇسخىلىق «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ئەرەبچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرما «قۇرئان كەرىم»نىڭ «ئەمەمە» پارىسىنى (30-پارىسىنى) باستۇرۇپ تارقاتتى؛ (6) ئىسلام مائارىپى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتىپ، مەسچىت مائارىپىنى يەنە بىرقەدەر يېتەكلىدى ۋە باشقۇردى، ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى؛ (7) ھەج تاۋاپ قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردى؛ (8) مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ئاساسىدا، چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە دوست تۇتۇش بىلەن تەسىرىمىزنى كېڭەيتتى؛ (9) جەمئىيەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئۈچ جۈملە سۆزىنى ۋە يولداش لى رۇيخۇەن ئوتتۇرىغا قويغان تۆتنى قوغداشنى ئۆلچەم قىلىپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك يېتەكچى قىلىمىز. مەملىكەت ئىچىدىكى دىنىي ئىشلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، مائارىپ خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتىمىز ۋە تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەيمىز.“

دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن ماسلىشىشقا يېتەكلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمىغۇچى ئامما ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن كۆپلىگەن خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇلارغا چىن دىلىدىن تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”ئىسلام مائارىپى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر زور ئىش، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشىنى ھۆكۈمەت يەنىمۇ قوللايدۇ. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشنى، زامانىۋى، يۇقىرى سۈپەتلىك دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىشنى ھەممە بۇ جەھەتلەردە يېقىنقى يىللار ئىچىدە بىرقەدەر زور بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.“

يىغىن قاتناشچىلىرى رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى ۋە خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، بولۇپمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مەملىكەت ئىچىدىكى خىزمەتلەرگە قارىتىش دېگەن يېتەكچى ئىدىيىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇلار رەھبەرلەرنىڭ سۆزى

ۋە خىزمەت دوكلاتى بويىچە خىزمەتلەرنىڭ خۇلاسىسى، تېخىمۇ مۇھىمى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈچۈن يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدى.

5-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جوڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە جوڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن ئىسلام مائارىپى مەسىلىسى توغرىسىدا «ئىسلام مائارىپى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئەسىر ھالقىغۇچى ئىختىساسلىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ جوڭگو ئىسلام مائارىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھازىرقى ئىسلام مائارىپى خىزمىتى دۈچ كېلىۋاتقان ۋەزىپىلەر ۋە مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق كۆرسىتىپ ئۆتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: "نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىز ئىسلام مائارىپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى پۈت بىلەن يول مېڭىش بولۇپ، مەسچىت مائارىپى بىلەن مەكتەپ مائارىپى بىللە كېتىۋاتىدۇ. مەسچىت مائارىپى مۇقىم مەسچىتتە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتۇش شارائىتى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى، دەرس ئۆتۈش سائىتى ۋە ئوقۇش مۇددىتى قاتارلىقلار خىلمۇخىل، ئوقۇتۇش سۈپىتى ناھايىتى پەرقلىق بولۇۋاتىدۇ، بىر تۇتاش تەلەپ ۋە ئۆلچەم يوق، ئوقۇتۇشتا ئىختىيارىيلىق ئېغىر، تەربىيىلەپ چىقىش ۋاقتى ئۇزاق بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەسچىت مائارىپىنىڭ كۆپ قىسمىدا، دىنىي بىلىم ئوقۇتۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئوقۇتۇشقا سەل قارىلىپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى مائارىپى بولسا، خىزمەتتە ئومۇمىي پىلان ۋە پەرەز-تەسەۋۋۇر بولمىغاچقا، چۇۋالچاقلىق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلاردا ئۇستازلار كەمچىل. بىر تۇتاش تۈزۈلگەن دەرسلىك ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسى يوق، ئوقۇتۇش راسخوتى كەمچىل، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، ئىككى جەھەتتىن تۇتۇش قىلىپ، خىزمىتىمىزنى ياخشىلىشىمىز لازىم، بىر جەھەتتىن، مەسچىت مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىپ، سىياسىي دەرس ۋە باشقا مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاخۇن-مولللارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشنى يولغا قويۇش، ئەتراپلىق سىناش ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئاخۇنلارنى سىناق قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش كېرەك؛ يەنە بىر جەھەتتىن، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ (1996) 40-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنى ئەتراپلىق، ئۆلچەملىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. قەتئىي تۈردە «جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە دائىر بىرقانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھى بويىچە، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، پىكىر يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، جانلىق ۋە كۆپ خىل چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مائارىپ سەۋىيىسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاخۇن-مولللارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. (1) نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى ئۆز رايونىدىكى ئاخۇن-مولللارنى مۇددەتكە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەپ چىقىشى لازىم. (2) تەربىيىلەش بىلەن سىناق قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمنى يولغا قويۇش، ئاخۇن-مولللارنىڭ سالاھىيەت ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىش، ئاخۇن-مولللارنى سىناق قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش لازىم. (3) ئىسلام ئىنستىتۇتى شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپتىن سىرتقا چىقىپ سىنىپ ئېچىشى لازىم. (4) مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسئۇللىرى كۇرسىنى ئېچىش لازىم. (5) ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات سىنىپى ئېچىپ، نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات-مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئورتاق

www.uyghurkitap.com

قاراش ھاسىل قىلىش لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ جەھەتتە نۇقتىلىق تۆردىن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم: (1) ئۇستازلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇستازلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش لازىم. (2) دەرسلىكنى بىر تۇتاش تۈزۈش، ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. تېز ئارىدا مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش دەرسلىك تۈزۈش ھەيئىتى قۇرۇپ، بىر تۇتاش دەرسلىك تۈزۈپ چىقىش، ئۆلچەملىك ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى بېكىتىش ھەمدە مەسچىت مائارىپىدا ئۆلچەملىك دەرسلىكلەرنى قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. (3) ئىسلام ئىنستىتۇتى، ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇش لازىم. (4) توغرا لىنىيىلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. (5) ئۇستازلارنىڭ كەسپىي ۋەزىپە ئۇنۋانى ۋە باشقا تەمىنات مۇئامىلىلىرىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئۇستازلار قوشۇنىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ۋە ئۆستۈرۈش لازىم. (6) ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ھەم ئىسلام دىنىنى بىلىدىغان، ھەم مائارىپنى بىلىدىغان، شۇنداقلا يەنە مۇشۇ كەسپنى سۆيىدىغان كىشىلەرنى سەپلەپ كىرگۈزۈش لازىم. (7) پىكىر يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، كىرىم-تاپاۋەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قامداش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، راسخوت مەنبەسىنى كۆپەيتىش لازىم. (8) مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىك تارماقلىرىنىڭ ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.» مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن ئاخىردا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "جۇڭگو ئىسلام مائارىپى خىزمىتى ئارلىق جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئورتاق ئىشى، ھەممىمىز 21-ئەسىرگە يۈزلىنىپ، ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرۇپ، غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلىرىمىزنى پۇختا ئىشلەپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام مائارىپى خىزمىتى سەۋىيىسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلىپىگە ماس كېلىدىغان، ۋەتەننى ۋە دىنىنى سۆيىدىغان، لاياقەتلىك دىنىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم."

يىغىندا مۇئاۋىن رەئىس نوئمان ما شيەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش مەسىلىسى توغرىسىدا «جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، سان تەقسىماتى ۋە ھەيئەت، دائىمىي ھەيئىتىنىڭ تەركىب تېپىشى توغرىسىدا دەسلەپكى پىكىر» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى داۋامىدا، يىغىن قاتناشچىلىرى دېموكراتىيە-كېڭىشىش روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ھەر كىم ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن ۋە ما شيەننىڭ دوكلاتى ئۈستىدە تولۇق مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

كۆپچىلىك مۇنداق دېيىشتى: "كېلەچەك كۆزلەنگەن ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مائارىپ ئاساس، ھەرقانداق بىر دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مائارىپ—ۋەتەننى روناق تاپقۇزۇشنىڭ نېگىزى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى. ئىسلام مائارىپى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەتەننى ۋە دىنىنى سۆيىدىغان، ھەم دىنىي بىلىمگە ئىگە ھەم مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشەلەيدىغان دىنىي خادىملار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. بۇ جەھەتتە ھەممىمىزدە مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەقەززالىق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. بۇ نۆۋەتتىكى

ئىسلام مائارىپى خىزمەت يىغىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇپ چاقىرغان مەخسۇس مائارىپ خىزمىتى يىغىنى. بۇ يىغىندا مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلىلەر مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىي مائارىپىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ ۋە زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ." 5-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە ئېچىلغان بۇ قېتىمقى مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا، مەملىكەت بويىچە ئون ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار بىر يەرگە جەم بولۇپ، نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز ئىسلام مائارىپ خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئىسلام مائارىپىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانىسى ئۈستىدە قىزغىن مۇزاكىرە ۋە ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىپ، كەڭ دائىرىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئورتاق كۆز قاراشقا كەلدى. ئاخىردا، ھەرقايسى ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى مەسئۇللىرى: (1) ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكلىرىنى تېزرەك تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى باشلامچى بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئاساس قىلىپ، دەرسلىك تۈزۈش ھەيئىتى ياكى گۇرۇپپىسى قۇرۇش؛ (2) ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، "مەملىكەت بويىچە ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ مائارىپ خىزمىتى ھەمكارلىق گەۋدىسى" قۇرۇش، بۇ ھەمكارلىق گەۋدىسى كەم دېگەندە ھەر يىلى بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش، دەرسلىك تۈزۈش، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، ھەر خىل مۇسابىقە قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش، بۇ گەۋدىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىنى بېيجىڭدا ئېچىپ، دەرسلىك تۈزۈش مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئورتاق پىكىرگە كېلىشتى.

بۇ قېتىمقى 3-سانلىق يىغىن داۋامىدا، يىغىن قاتناشچىلىرى يەنە، جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ سان تەقسىماتى ئۈستىدە قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. شۇنداقلا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش يىغىنىغا بېرىدىغان دوكلاتىنىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسى ۋە «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»نىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى ھەققىدىمۇ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى.

يىغىندا تولۇق مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، 1998-يىلىنىڭ تۆتىنچى پەسلىدىكى مۇۋاپىق بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام دىنى 7- قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ئېچىش ۋە نيۇجيې مەسچىتى قاتارلىق 100 مەسچىتكە "مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك مەسچىت" نامىنى بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن خۇلاسە نۇتقى سۆزلەپ، نەچچە كۈندىن بېرى كۆپچىلىكنىڭ كەڭ دائىرىدە پىكىر قىلىپ، چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن، بۇ قېتىمقى يىغىن كۈنتەرتىپلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئادا بولۇپ، كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە: بىز ھەم دىنىي خىزمەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ھەم مائارىپ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، شۇنداقلا ھەم چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشنى ياخشى يولغا قويۇشىمىز، ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى يولغا قويۇشىمىز لازىم دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى ۋە كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قولمۇقول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، روھلۇق-تېتىك روھى قىياپەت ۋە زەپەردەست قەدەم بىلەن يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا مۇئاۋىن رەئىسلەردىن ئابدۇرەھىم ئىمىن، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ھاجى مەھمۇدى)

www.uyghurkitap.com

# دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار[1]

مۇھەممەد سالىھ

## دۇئالاردىن تاللانما

### ئۈچىنچى، خاس دۇئالار

### ھەج مەۋسۇمىگە خاس دۇئالار

ھەج مەۋسۇمى باشتىن ئاخىر دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى مەزگىلى، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئوبدان پەيت، ھەج قىلغۇچى كىشى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىۋېتىپمۇ، سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىۋېتىپمۇ، ئەرەفاتتا تۇرغاندىمۇ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا-تەلەپتە بولىدۇ، دېمەك، ھەج مەۋسۇمىدە ھەممە جاي، ھەممە ۋاقىتتا دۇئا بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئاللادىن ئۆزىنىڭ مەقسەت-مۇرادىنى سوراپ قايسى دۇئانى ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دۇئالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان ياكى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغان كەڭ مەزمۇنلۇق دۇئالار بولۇپ، ھەج جەريانىدىكى ئۇلۇغ چاغلار ۋە ئۇلۇغ جايلاردا ئوقۇلۇشقا تېخىمۇ باپ كېلىدۇ. ھەج قىلغۇچى كىشىنىڭ قىلغان دۇئاسىنى ئاللاتائالا ئىجابەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە "ئى ئاللا! ھاجىلارنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ھاجىلار مەغپىرەت قىلغان كىشىلەرگىمۇ مەغپىرەت قىلغىن" دېيىلگەن. مانا بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجىلارنىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئاللادىن تىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىز تۆۋەندە پەقەت ھەج مەزگىلىدە مۇئەييەن جاي، مۇئەييەن ۋاقىتلاردا ئوقۇلىدىغان خاس دۇئالارنى بەرمەكچىمىز.

ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىش دۇئاسى:

اَللّٰهُمَّ اِنِّي اُرِيْدُ الْحَجَّ فَيَسِّرْهُ لِي وَتَقَبَّلْهُ مِنِّي

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن ھەجنى ئىرادە قىلدىم، ھەجنى ماڭا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن.

تەلبىيە دۇئاسى:

لَبَّيْكَ اللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ لَبَّيْكَ لَا شَرِيْكَ لَكَ
لَبَّيْكَ اِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ لَا شَرِيْكَ لَكَ

---

[1] بۇ ماقالىنىڭ باش قىسمى ئۆتكەنكى سانلاردا.

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن ھازىر بولدۇم، مەن ھازىر بولدۇم، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر، بارلىق ھەمدۇسانا، نېمەت ۋە پادشاھلىق ساڭىلا خاستۇر، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر.

رۇكنى يەمانى بىلەن ھەجەرى ئەسۋەد ئارىلىقىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً ، وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً ، وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

كەئبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللَّهُمَّ قَنِّعْنِي بِمَا رَزَقْتَنِي ، وَبَارِكْ فِيهِ ، وَاخْلُفْ عَلَيَّ كُلَّ غَائِبَةٍ لِي بِخَيْرٍ .

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ماڭا بەرگەن رىزقىڭغا مېنى قانائەت ھاسىل قىلدۇرغىن، رىزقىمدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، قولۇمدىن كېتىپ ئېرىشىشىم مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئورنىنى ماڭا ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇپ بەرگىن.

تاۋاپ قۇدۇم (قەدەم كەلتۇرۇش تاۋاپى)دىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ حَيٌّ لَا يَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَلَا نَعْبُدُ إِلَّا إِيَّاهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ أَنْجَزَ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهُ

تەرجىمىسى: يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، ھەممە سەلتەنەت ۋە ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر، ئاللا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈردۇ، تىرىكلەرنى قەبزى روھ قىلدۇردۇ، ئاللا تىرىكتۇر، ئاللاغا ئۆلۈم يۈزلەنمەيدۇ، ھەممە ياخشىلىق ئاللانىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللا ھەممە شەيئىگە قادىردۇر، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دىنىمىزنى شېرىكتىن ساپ قىلغىنىمىز ھالدا ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىمىز، كۇپپارلار بۇنى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللا ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى، (قارشى كەلگەن جامائەلەرنى) يالغۇز مەغلۇپ قىلدى.

سەفا-مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلغاندا ئىككى يېشىل چىراغ ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ أَنْتَ الْأَعَزُّ الْأَكْرَمُ

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم، مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ غالىب، ئەڭ ھۆرمەتلىكسەن.

ئەرەفاتتا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِیْ بَصَرِیْ نُوْرًا وَفِیْ سَمْعِیْ نُوْرًا وَاجْعَلْنِیْ مِمَّنْ تُبَاهِیْ بِهٖ مَلَائِكَتَكَ اَللّٰهُمَّ اَشْرَحْ لِیْ صَدْرِیْ وَيَسِّرْ لِیْ اَمْرِیْ اَللّٰهُمَّ اِنَّكَ تَسْمَعُ كَلَامِیْ وَتَرٰى مَكَانِیْ وَتَعْلَمُ سِرِّیْ وَعَلَانِيَتِیْ لَا يَخْفٰى عَلَيْكَ شَیْءٌ مِنْ اَمْرِیْ اَنَا الْبَائِسُ الْفَقِيْرُ الْمُسْتَغِيْثُ الْمُسْتَجِيْرُ الْمَغْرُوْرُ اَسْاَلُكَ مَسْاَلَةَ الْمِسْكِيْنِ وَاَبْتَهِلُ اِلَيْكَ ابْتِهَالَ الْمُذْنِبِ الذَّلِيْلِ وَاَدْعُوْكَ دُعَاءَ الْخَائِفِ الْحَقِيْرِ مَنْ خَضَعَتْ لَكَ رَقَبَتُهُ وَفَاضَتْ لَكَ عَيْنَاهُ وَرَغِمَ لَكَ اَنْفُهُ لَا تَجْعَلْنِیْ بِدُعَائِكَ رَبِّ شَقِيًّا وَكُنْ بِیْ رَءُوْفًا رَحِيْمًا يَا خَيْرَ مَسْئُوْلٍ وَيَا اَكْرَمَ مَاْمُوْلٍ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنىڭ كۆزۈمنى ۋە قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، مېنى سېنىڭ پەرىشتىلىرىڭگە ئۆزۈڭ پەخرىي قىلىدىغانلارنىڭ قاتارىدا قىلغىن، ئى ئاللا! مېنىڭ كۆكسۈمنى كەڭ قىلغىن، ئىشىمنى ئاسان قىل، ئى ئاللا! سەن مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تۇرسەن، تۇرغان يېرىمنى كۆرۈپ تۇرسەن، مېنىڭ ئىچ-تېشىمنى بىلىسەن، مېنىڭ ھېچبىر ئىشىم سەندىن يوشۇرۇن ئەمەس، مەن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان موھتاج بەندىمەن. مەن ساڭا پەرياد قىلغۇچى، پاناھىڭغا ئۆزىنى ئالغۇچى ئالدانغان قۇلۇڭمەن. مىسكىن بەندىڭگە ئوخشاش سەندىن تىلەيمەن، ساڭا خار گۇناھكار بەندىڭگە ئوخشاش نالە قىلىمەن، مەن ساڭا قورقۇمسىراپ تۇرغان ئەرزىمەس بەندىڭگە ئوخشاش دۇئا قىلىمەن، ئۇ شۇنداق بەندەڭكى، ئۇنىڭ بويىنى ساڭا ئېگىلگەن، ئىككى كۆزى سەن ئۈچۈن ئاققان، سېنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇرنى توپىغا مىلەنگەن. ئى ئاللا! مېنى بۇ تەلىپىمدە مەھرۇملاردىن قىلمىغىن، سەن ئۆزۈڭ ماڭا مېھرىبان، مەرھەمەتلىك بولغىن، ئى ئەڭ ياخشى ھاجەت راۋا قىلغۇچى ۋە كەرەملىك زات.

(ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتا ئوقۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى مۇبارەك قولىنى كۆكسىنىڭ ئۇدۇلىغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، مىسكىن ئادەم نان تىلىگەندەك زارلىنىپ تۇرۇپ، ئاللاغا يالۋۇرغان ھالدا مەزكۇر دۇئانى ئوقۇغان.)

شەيتانغا تاش ئاتقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللهُ اَكْبَرُ اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهُ حَجًّا مَبْرُوْرًا وَذَنْبًا مَغْفُوْرًا

تەرجىمىسى: ئاللا ئۇلۇغدۇر، ئى ئاللا! ھەجىمنى مەقبۇل ھەج قىلغايسەن، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن.

زەمزەم سۈيى ئىچكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ اِنِّیْ اَسْاَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا وَرِزْقًا وَاسِعًا وَشِفَاءً مِنْ كُلِّ دَاءٍ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مەن سەندىن پايدىلىق ئىلىمنى، كەڭ رىزقىنى ۋە ھەر كىسەلدىن شىپالىقنى تىلەيمەن.

## تۈرلۈك ھاللاردا ۋە چاغلاردا ئوقۇلىدىغان خاس دۇئالار

### بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللهمَّ أجِرْني من النّار

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى دوزاختىن قۇتقۇزغىن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ھېچ كىشىگە گەپ قىلماستىن يەتتە قېتىم بۇ دۇئانى ئوقۇساڭ، شۇ كۈنى ۋاپات قىلىدىغان بولساڭ ئاللا سېنىڭ دوزاختىن خالاس تاپقانلىقىڭنى پۈتىدۇ؛ شام نامىزىدىن كېيىن ھېچ ئادەمگە گەپ قىلماستىن ئۇ دۇئانى ئوقۇساڭ، شۇ كېچىسى ۋاپات قىلىدىغان بولساڭ، ئاللا سېنىڭ دوزاختىن خالاس تاپقانلىقىڭنى پۈتىدۇ» دېگەن.)

### ئەتىگەندە ۋە ئاخشىمى ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

اللهمَّ ما أصبحَ بي من نعمةٍ أو بأحد من خلقِكَ فمِنْكَ

وحدكَ لاشريكَ لكَ فلكَ الحَمدُ ولك الشكرُ على ذلك

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ماڭا ياكى مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرەرسىگە بېرىلگەن ھەرقانداق نېمەت يالغۇز سەن تەرەپتىن بېرىلگەن بولىدۇ، شېرىكىڭ يوق بەرگەن نېمىتىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇ ئېيتىمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىمىز.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەندە ئوقۇيدىكەن، شۇ كۈننىڭ شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، كىمكى بۇ دۇئانى ئاخشىمى ئوقۇيدىكەن، شۇ كېچىسىنىڭ شۈكۈرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.)

رضيتُ باللهِ ربّاً وبالإسلامِ ديناً وبمحمَّدٍ نبيّاً

تەرجىمىسى: ئاللانىڭ پەرۋەردىگارىم بولغانلىقىدىن، ئىسلامنىڭ دىنىم بولغانلىقىدىن، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبىرىم بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇم.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم، ئاخشامدا ئۈچ قېتىم ئوقۇيدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنى ئاللانىڭ رازى قىلىشى تېگىشلىك بولىدى» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا جەننەت تېگىشلىك بولىدى» دېگەن.)

اللهمَّ أنتَ ربي لا إلهَ إلا أنتَ عليكَ توكلتُ وأنتَ ربُّ العرشِ العظيم ما شاء اللهُ كانَ

ومالم يشألم يكنْ لاحولَ ولا قوةَ إلا باللهِ العليِّ العظيم. أعلَمُ أنّ الله على كل شيءٍ قديرٌ.

وأنّ الله قد أحاطَ بكلِّ شيءٍ علماً. اللهم إني أعوذُ بكَ مِن شرِّ نفسي ومن شرِّ كلِّ دابةٍ

أنتَ آخذٌ بناصيتها. إنّ ربّي على صراطٍ مستقيم

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، سەن ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ ئىگىسىسەن، ئاللا خالىغان نەرسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ، ئۇلۇغ، ئەڭ ئالىي ئاللانىڭ ياردىمى ۋە مەدىتى بولمىسا، ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز. بىلىمەنكى، ئاللا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ شەررىدىن، سېنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭدىكى ھەربىر جاندارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. شۈبھىسىز مېنىڭ پەرۋەردىگارىم توغرا يولدىدۇر.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كىمكى بۇ دۇئانى ئەتىگەندە، ئاخشامدا ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ ئۆزى، ئەھلى ئەۋلادى ۋە مال-مۈلكى بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ“ دېگەن.)

### كۈندۈزى ۋە كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللهمَّ أنتَ ربّي لا إله إلا أنتَ خلقتَني وأنا عبدُكَ وأنا على عهدِكَ ووعدِكَ ما استطعتُ أعوذُ بكَ من شرِّ ما صنعت أبوءُ لكَ بنعمتِكَ عليَّ وأبوءُ بذنبي فاغفرْ لي فإنّه لا يغفر الذنوبَ إلا أنتَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن بۆلەك ئىلاھ يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەر قارارمەن، ساڭا سېغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلىرىمنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كىمكى يۇقىرىقى دۇئانى ئىخلاس بىلەن كۈندۈزى ئوقۇپ ئاندىن كەچ كىرگۈچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ؛ كىمكى ئۇنى ئىخلاس بىلەن كېچىسى ئوقۇپ ئاندىن تاڭ سەھەردە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ“ دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى شۇكى، نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى، ئاللاغا يۈزلىنىش، ئەدەبلىك ھالەتتە بولۇش ئىستىغپارنىڭ شەرتلىرىدىن بولىدۇ، بۇ ھەدىستە يالغۇز بىر ئاللانىلا ئىلاھ دەپ ئىقرار قىلىش، ئاللانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ئاللاغا قۇلچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاللاغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىقرار قىلىش، ئاللانىڭ بەندىسىگە قىلغان ۋەدىلىرىنى ئۈمىد قىلىش، بەندىنىڭ ئۆزىگە قىلغان جىنايەتلىرىگە پاناھ تىلەش، نېمەتنى ئاللادىن دەپ بىلىش، گۇناھنى ئۆزىدىن دەپ بىلىش، ئاللانىڭ مەغپىرىتىگە قىزىقىش، مەغپىرەتنىڭ پەقەت ئاللانىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشلار جەملەنگەن، شۇڭا بۇ دۇئا سەييىدۇل ئىستىغپار ‹ئىستىغپارلارنىڭ خوجىسى› دەپ ئاتالغان.)

### دىشۋارچىلىقتا (ئېغىرچىلىقتا) يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

لَاإِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ الْعَظِيمُ الْحَلِيمُ لَاإِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ

تەرجىمىسى: ئۇلۇغ، مەرھەمەتلىك بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاسمان-زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى دىشۋارچىلىقتا يولۇققاندا ئوقۇيتتى.)

بسمِ الله الرحمن الرحيمِ ولا حولَ ولا قوّةَ إلّا باللهِ العليّ العظيمِ

تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئۇلۇغ، ئۈستۈن ئاللانىڭ مەددىتى بولمىسا، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيىن ئەھۋالدا قالغان چېغىڭدا بۇنى ئوقۇغىن، ئاللا سېنىڭدىن خالىغان تۈرلۈك بالالارنى يىراق قىلىدۇ.»)

لَا إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ

تەرجىمىسى: (پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىم يۇنۇسنىڭ دۇئاسى ئاجايىپ دۇئادۇر، ئۇنىڭ باش قىسمى تەھلىل (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دەپ ئېيتىش)، ئوتتۇرا قىسمى تەسبىھ، ئاخىرقى قىسمى گۇناھنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. غەمگە قالغان، دىشۋارچىلىققا يولۇققان، قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەملەردىن قايسىبىرى ئۇنى كۆڭلىگە ئۈچ قېتىم ئوقۇپ دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولماي قالمايدۇ.
» يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرەر مۇسۇلمان ئادەم بۇنى ئوقۇپ دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجابەت بولماي قالمايدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «دۇنيا ئىشلىرىدىن بىرەر قايغۇ ياكى ھادىسە يۈزلەنگەن بىرسى، يۇنۇسنىڭ دۇئاسىنى ئوقۇسا، بېشىغا كەلگەن ئىش ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دېگەن.)

حَسْبِيَ اللهُ لَا إِلٰهَ إِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ

تەرجىمىسى: ئاللا ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشى بۇ دۇئانى ئەتىگەن، ئاخشامدا يەتتە قېتىمدىن ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئىككىلا دۇنيالىق مۇھىم ئىشلىرىنى جۆندەپ بېرىشكە ئاللا يېتەرلىكتۇر.»)

بسم اللهِ الذي لا يضرُّ مع اسمهِ شيءٌ في الأرضِ ولا في السماءِ وهو السميعُ العليمُ

تەرجىمىسى: ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، ئاللانىڭ ئىسمى بار يەردە زېمىن ۋە ئاسماندىكى ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بۇ دۇئانى ئاخشىمى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، تاڭ ئاتقۇچە تۇيۇقسىز بولىدىغان بالا-قازادىن ئەمىن بولىدۇ، كىمكى ئۇنى ئەتىگەندە ئوقۇسا، كەچ كىرگۈچە ئۇشتۇمتۇت بولىدىغان بالا-قازادىن ئەمىن بولىدۇ.»)

لاحولَ ولا قوةَ إلا بالله

تەرجىمىسى: ئاللانىڭ ياردىمى بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللا ئېيتىدۇركى، ئۈممىتىڭگە ئېيتقىن، بۇ سۆزنى ئەتىگەندە ئون قېتىم، ئاخشامدا ئون قېتىم، ئۇخلايدىغان چاغدا ئون قېتىم ئېيتسۇن، ئۇخلايدىغان چاغدا

ئېيتسا، دۇنيانىڭ بالالىرى دەپپى قىلىندۇ. ئاخشامدا ئېيتسا، شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكرىدىن ئەمىن بولىدۇ، ئەتىگەندە ئېيتسا، مېنىڭ يامان غەزىپىمدىن ئەمىن بولىدۇ.»)

سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! سېنى پاك دەپ قارايمەن، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ساڭا تەۋبە قىلىمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەر سورۇندا قالايمىقان سۆزلەپ، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلغان بولسا، سورۇندىن تۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن بۇ دۇئانى ئوقۇسا، سورۇندا ئۆتكەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.»)

أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ

تەرجىمىسى: نۇقسانسىز، مۇكەممەل كالامۇللاغا سېغىنىپ ئاللانىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىرەر جايغا بارغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇسا، ئۇ يەردىن كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتمەيدۇ» دېگەن.)

غەم-قايغۇدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ ابْنُ عَبْدِكَ ابْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي، وَنُورَ صَدْرِي وَجَلَاءَ حُزْنِي وَذَهَابَ هَمِّي

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، سېنىڭ بەندەڭنىڭ ئوغلىمەن، سېنىڭ ئايال بەندەڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سېنىڭ مېنىڭ ھەققىمدىكى ھۆكۈمىڭ ئىجرا بولغۇچىدۇر، مېنىڭ توغرامدىكى تەقدىرىڭ ئادىلدۇر. سەن ئۆزەڭنى ئاتىغان ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان، ياكى سېنىڭ ياراتقانلىرىڭدىن بىرەر نەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ئۇ دەرگاھىڭدىكى غەيب ئىلمىڭگە خاس قىلغان ھەربىر ئىسمىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سورايمەنكى، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى، كۆكرىكىمنىڭ نۇرى ۋە بېشىمدىكى غەم-قايغۇنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان يورۇقلۇق قىلغايسەن.

بامدات نامىزىغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِيْ قَلْبِيْ نُوْرًا وَفِيْ لِسَانِيْ نُوْرًا وَاجْعَلْ فِيْ سَمْعِيْ نُوْرًا وَاجْعَلْ فِيْ بَصَرِيْ نُوْرًا وَاجْعَلْ مِنْ خَلْفِيْ نُوراً وَمِنْ أَمَامِيْ نُوْرًا وَاجْعَلْ مِنْ فَوْقِيْ نُوْرًا وَمِنْ تَحْتِيْ نُوْرًا، أَللّٰهُمَّ اعْطِنِيْ نُوْرًا

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! قەلبىمنى نۇر قىلغىن، تىلىمنى نۇر قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇر قىلغىن، كۆزۈمنى نۇر قىلغىن، ئالدىمنى نۇر قىلغىن، ئارقامنى نۇر قىلغىن، ئۈستۈمنى نۇر قىلغىن، ئاستىمنى نۇر قىلغىن، ئى ئاللا! ماڭا نۇر ئاتا قىلغىن.

تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ التَّوَّابِينَ وَاجْعَلْنِي مِنَ الْمُتَطَهِّرِينَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن، پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن.

(بۇ دۇئا تاھارەت ئېلىۋېتىپ ئوقۇلىدۇ.)

أَشْهَدُ أَنْ لَآ إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَاشَرِيْكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُه

تەرجىمىسى: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر؛ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللانىڭ بەندىسىدۇر ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇر.

(بۇ دۇئا تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.)

ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلَاةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ

تەرجىمىسى: ئى كامىل ئەزاننىڭ ۋە ھازىرقى نامازنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللا! مۇھەممەدگە جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە ئالىي مەرتىۋىنى بەرگىن، مۇھەممەدنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا ئەۋەتكىن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بۇ دۇئانى ئوقۇسا، مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ" دېگەن.)

مەسچىتكە كىرىۋېتىپ ئوقۇلىدىغان دۇئا:

بِسْمِ اللّٰهِ والسلامِ على رسولِ اللّٰهِ، اللّٰهُمَّ اغفر لي ذُنوبي وافتَحْ لي أبوابَ رحمتِكَ

تەرجىمىسى: ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللانىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالام، ئى ئاللا! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت دەرۋازىلىرىڭنى ئېچىۋەتكىن.

مەسچىتتىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

بِسْمِ اللّٰهِ والسلامِ على رسولِ اللّٰهِ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي ذُنوبي وَافْتَحْ لي

تەرجىمىسى: ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللانىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالام، ئى ئاللا! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا پەزلىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئىستىخارە دۇئاسى :

اَللّٰهُمَّ اِنِّي أَسْتَخِيرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيمِ فَاِنَّكَ تَقْدِرُ وَلَا أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلَا أَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ اَللّٰهُمَّ اِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هٰذَا الْأَمْرَ خَيْرٌ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي فَاقْدِرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ وَاِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هٰذَا الْأَمْرَ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِيَ الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ أَرْضِنِي بِهِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ماڭا بۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن تىلەيمەن، شۇ ئىشنى قىلىشقا ماڭا قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن، چۈنكى ھەممىگە سەن قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەسمەن؛ ھەممىنى سەن بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن؛ ھەممە غەيب ساڭا ناھايىتى ئايدىڭ؛ ئى ئاللا! ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن؛ ئەگەر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى مەندىن ۋە مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن مەمنۇن قىلغىن.

(جابىر ئىبنى ئابدۇللا مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلىرىمىزدا ئىستىخارە قىلىشنى بىزگە خۇددى قۇرئان سۈرىلىرىنى تەلىم بەرگەندەك تەلىم بېرەتتى، رەسۇلۇللا: 'سىلەردىن بىرىڭىز بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئىككى راكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن' دەيتتى"؛ يەنە جابىر: "دۇئا جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ئېيتىپ ئۆتسۇن" دېگەن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە "بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، يەتتە قېتىم ئىستىخارە قىلىپ، كۆڭلۈڭ قايسى تەرەپكە مايىل بولسا شۇنى قىلغىن" دېگەن.)

## ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

بِاسْمِكَ اللّٰهُمَّ أَحْيَا وَأَمُوتُ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ياشايدىكەنمەن، ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ياشايمەن؛ ئۆلىدىكەنمەن، ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ئۆلىمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئاخشىمى ياتقاندا ئوقۇيتتى.)

## ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا أَمَاتَنَا وَاِلَيْهِ النُّشُورُ

تەرجىمىسى: جىمى مەدھىيە بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان ئاللاغا مەنسۇپ، قىيامەت كۈنى يەنە ئاللا تىرىلدۈرىدۇ.

تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن ۋە توغرا يولغا باشلىغىن.

ئۇيقۇ قاچقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

أَللَّهُمَّ غارَتِ النُّجومُ وَهَدأَتِ الْعُيونُ وَأَنْتَ حَيٌّ قَيُّومٌ لاتَأْخُذُكَ سِنَةٌ وَلا نَوْمٌ ياحَيُّ ياقَيُّومُ أَهْدِئْ لَيْلِي وَأَنِمْ عَيْنِي

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! يۇلتۇزلار تارىدى، كۆزلەر ئۇيقۇغا كەتتى، سەن بولساڭ ھەمىشە تىرىكدۇرسەن، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىسەن، سەن مۈگدەپ قالمايسەن، سېنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئى، ھەمىشە تىرىك زات! ئى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زات! كېچە مېنى جىمجىت قىلغىن، كۆزۈمنى ئۇيقۇغا كەتكۈزگىن.

(زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”ئۇيقۇم قېچىپ ئۇخلىيالماسلىقىمنى رەسۇلۇللاغا شىكايەت قىلغانىدىم، رەسۇلۇللا مېنى بۇ دۇئانى ئوقۇشقا بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇم قېچىپ ئۇخلىيالمايدىغان ئىشىم تۈگىدى“ دېگەن.)

قارا بېسىپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

أَعوذُ بِكَلِماتِ اللّهِ التَّامَّةِ مِنْ غَضَبِهِ وَشَرِّ عِبادِهِ وَمِنْ هَمَزاتِ الشَّياطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ

تەرجىمىسى: ئاللانىڭ نۇقسانسىز كالامى قۇرئانغا سېغىنىپ ئاللانىڭ غەزىپىدىن، بەندىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سىلەرنى قارا باسىدىغان بولسا، بۇ دۇئانى ئوقۇپ يېتىڭلار“ دېگەن.)

شەبى قەدرى كېچىسى ئوقۇلىدىغان دۇئا:

أَللّهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! شۈبھىسىزكى سەن تولىمۇ مەرھەمەتلىك ئەپۇ قىلغۇچى، ئەپۇنى دوست تۇتقۇچى زاتتۇرسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن.

تاماق يېگەندە ۋە كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

اَلْحَمْدُ لِلّهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هَذَا الطَّعامَ وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ

تەرجىمىسى: مېنىڭ چارەمسىز ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ تاماقنى بەرگەن ئاللاغا شۈكۈر.

اَلْحَمْدُ لِلّهِ الَّذِي كَسانِي هَذَا الثَّوْبَ وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَقُوَّةٍ

تەرجىمىسى: مېنىڭ چارەمسىز ۋە مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ كىيىمنى بەرگەن ئاللاغا شۈكۈر.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كىمكى تاماق يېيىشكە ئائىت دۇئانى تاماق يېگەندە، كىيىم كىيىشكە ئائىت دۇئانى كىيىم كىيگەندە ئوقۇسا، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ“ دېگەن.)

**تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِيْ أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ

**تەرجىمىسى:** بىزنى ئوزۇقلاندۇرغان، بىزگە ئۇسسۇلۇق بەرگەن، بىزنى مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن قىلغان ئاللاغا شۈكۈر.

**ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

أَللّٰهُمَّ لَكَ صُمْتُ وَعَلٰى رِزْقِكَ أَفْطَرْتُ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللا! سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، سېنىڭ بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ئىپتار قىلدىم.

**ئىپتار ئاياغلاشقاندا ئىپتار بەرگۈچى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

أَفْطَرَ عِنْدَكُمُ الصَّائِمُوْنَ وَأَكَلَ طَعَامَكُمُ الْأَبْرَارُ وَصَلَّتْ عَلَيْكُمُ الْمَلٰئِكَةُ

**تەرجىمىسى:** روزا تۇتقۇچىلار سىلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلاردا ئىپتار قىلدى، تامىقىڭلارنى ياخشىلار يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلدى.

**خالاغا كىرگەندە ۋە خالادىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار:**

اَللّٰهُمَّ اِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبائِثِ

**تەرجىمىسى:** ئى ئاللا! ساڭا سېغىنىپ ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى خالاغا كىرگەندە ئوقۇيتتى.)

غُفْرانَكَ اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَذْهَبَ عَنِّي الْأَذَى وَعافانِي

**تەرجىمىسى:** ئاللا، سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمەن، جىمى ھەمدۇسانا مەندىن زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن، مېنى سالامەت قىلغان ئاللاغا مەنسۇپ.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى خالادىن چىققاندا ئوقۇيتتى.)

**ئۆيدىن تالاغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

**تەرجىمىسى:** ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللانىڭ مەدەتكارلىقى بولمىسا قولۇمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىن سىرتقا چىققانلارغا بۇ دۇئانى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان.)

بازارغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

لاإله إلا اللهُ وحده لا شريك له، له الملكُ وله الحمدُ يُحيي ويُميتُ وهو حيٌّ لا يموتُ بيده الخيرُ وهو على كل شيءٍ قدير

تەرجىمىسى: يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر، سەلتەنەت ئاللاغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا مەنسۇپتۇر، ئاللا مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئاللا ھەمىشە تىرىكتۇر، ئۇنىڭغا ئۆلۈم يۈزلەنمەيدۇ، ئاللا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بازارغا كىرگەنلەرنى بۇ دۇئانى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغان.)

سەپەرگە چىققۇچى ئۇزاتقۇچىلارغا قارىتا ئوقۇيدىغان دۇئا:

أستودِعُكُمُ اللهَ الّذي لا تَضيعُ ودائِعُهُ

تەرجىمىسى: تاپشۇرۇلغان شەيئىلەر زايە بولۇپ كەتمەيدىغان ئاللاغا سىلەرنى تاپشۇردۇم.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەپەرگە چىقماقچى بولغان ئادەم ئۇزىتىپ قالغۇچىلارغا مۇشۇنداق دېسۇن» دېگەن.)

سەپەرگە چىققۇچىنى ئۇزاتقۇچى ئوقۇيدىغان دۇئا:

أَستَودِعُ اللهَ دِينَكَ وَأَمانَتَكَ وَخَواتِيمَ عَمَلِكَ

تەرجىمىسى: دىنىڭنى، ئىشەنچىڭنى ۋە ئىشىڭنىڭ تۈگەنچىسىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقماقچى بولغان بىرەر ئادەم بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇشۇ سۆزنى دەيتتى.)

غەزىپى قوزغالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللّٰهُمَّ اغْفِرلي ذَنْبي . وَأَذْهِبْ غَيْظَ قَلْبي . وَأَجِرْني مِنَ الشَّيْطانِ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئاچچىقىمنى ياندۇرغىن ۋە مېنى شەيتاندىن قۇتقۇزغىن.

ئاغرىپ قالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

أَذْهِبِ البَأْسَ رَبَّ النّاسِ وَاشْفِ أَنْتَ الشّافِي لاشِفاءَ إلّا شِفاؤُكَ شِفاءً لَايُغادِرُ سَقَمًا

تەرجىمىسى: ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! ئوقۇبەتنى كەتكۈزگىن، شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن، پەقەت سېنىڭ بەرگەن شىپالىقىڭلا ئۈنۈملۈك بولىدۇ، شۇنداق شىپالىق بەرگىنكى، ئاغرىق قالمىغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitabi.com

ئاغرىپ قالغان ئادەم كېسىلدە ئوقۇيدىغان دۇئا:

لَآاِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ اَكْبَرُ، لَااِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ، لَآاِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَاشَرِيْكَ لَهُ.
لَااِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، لَااِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَلَاحَوْلَ وَلَا قُوَّةَ اِلَّا بِاللّٰهِ

تەرجىمىسى: بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، يالغۇز ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللانىڭ شېرىكى يوقتۇر، بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاغا مەنسۇپ، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا مەنسۇپ، بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللانىڭ مەدىتى بولمىسا، ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋەت، چارە-تەدبىر كارغا كەلمەيدۇ.

مۇسىبەت كەلگەنلىكنى ئاڭلىغاندا، كۆرگەندە،
مۇسىبەت يەتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ. حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ

تەرجىمىسى: بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، بىزگە ئاللا كۇپايە، ئاللا نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!

ھازىدارغا تەسەللىي بەرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئالار:

إِنَّ لِلّٰهِ مَا أَخَذَ، وَلَهُ مَا أَعْطَىٰ وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِأَجَلٍ مُسَمًّى. . فَلْتَصْبِرْ وَلْتَحْتَسِبْ

تەرجىمىسى: ئاللا ئۆزى ئالىدۇ، ئاللا ئۆزى بېرىدۇ، ھەممە ئاللانىڭ دەرگاھىدا پۈتۈلگەن مۇددەت بويىچە ياشايدۇ، سەۋر قىلىغايسەن، ساۋاب تاپقايسەن.

أَعْظَمَ اللّٰهُ أَجْرَكَ، وَأَحْسَنَ عَزَاءَكَ وَغَفَرَ لِمَيِّتِكَ

تەرجىمىسى: ئاللا ساڭا چوڭ ساۋاب بەرسۇن، ياخشى سەۋر-تاقەت ئاتا قىلسۇن، مېيىتىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن.

مېيىتنى قەبرىگە قويغۇچى مېيىتنى يەرلىكىگە قويغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا:

بِسْمِ اللّٰهِ وَعَلَىٰ سُنَّةِ رَسُولِ اللّٰهِ ،

تەرجىمىسى: ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن، رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتى بىلەن سېنى قەبرىگە قويدۇم.

مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قەبرىستانلىقتا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللّٰهُمَّ اغْفِرْ لَهُ اللّٰهُمَّ ثَبِّتْهُ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنى ئىمانىدا مۇستەھكەم قىلغىن.

قەبرە يوقلىغاندا مېيىتلەرگە سالام بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

السَّلامُ عليكُم أَهْلَ الدِّيارِ مِن المُؤمِنينَ والمُسلِمينَ، وإنّا إنْ شاءَ اللهُ بِكُم لاحِقونَ، نَسْأَلُ اللهَ لنا ولكُم العافِيَةَ

تەرجىمىسى: ئى مۆمىن مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئاھالىسى، سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن، خۇدا خالىسا بىزمۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمىز، ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ، سىلەر ئۈچۈنمۇ ئاللادىن ئامانلىق تىلەيمىز.

يامغۇر تەلەپ قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللّهُمَّ اسْقِ عِبادَكَ، وبَهائِمَكَ، وانْشُرْ رحمَتَكَ، واحْيِ بَلَدَكَ المَيِّتَ

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! بەندىلىرىڭنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغىن، (ياراتقان ھايۋاناتلىرىڭنى) سۇغارغىن، رەھمىتىڭنى تارقاتقىن، ئۆلۈك (يەنى قاقجىراق) يۇرتۇڭنى تىرىلدۈرگىن.

يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللّهُمَّ صَيِّباً نافِعاً

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! (يامغۇرنى) مول، پايدىلىق قىلىپ ياغدۇرۇپ بەرگىن.

يېڭى چىققان ئاينى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللهُ أكبرُ اللهُ أكبرُ. الحمدُ للهِ ولاحولَ ولاقوةَ إلا باللهِ، اللهمَّ إني أسألُكَ من خيرِ هذا الشهرِ (ثلاثاً)، وأعوذُ بكَ من سوءِ القدرِ ومن شرِّ يومِ المَحْشَرِ

تەرجىمىسى: ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا مەنسۇپتۇر، ھەرقانداق ئىشنى پەقەت ئاللانىڭ مەدەتى بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز؛ ئى ئاللا! سەندىن بۇ ئاينىڭ ياخشىلىقلىرىنى سورايمەن (بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ)، ساڭا سېغىنىپ يامان تەقدىردىن، قىيامەت كۈنىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

چاقماق ھادىسىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا:

سُبْحانَ الَّذي يُسَبِّحُ الرَّعْدُ بِحَمْدِهِ والمَلائِكَةُ مِنْ خِيفَتِهِ،

تەرجىمىسى: گۈلدۈرماما ئاللانى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدىغان، پەرىشتىلەرمۇ ئاللادىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدىغان ئاللانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.

(ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقاندا، بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە، چاقماق چاقاندا، بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇغان ئادەم چاقماقتىن ئەمىن بولىدۇ، دېيىلگەن.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com

شامال چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا، وأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا

تەرجىمىسى: ئى ئاللا! بۇ شامالنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى سورايمەن، زىيانلىق بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن.

ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

بِسْمِ اللهِ أَللهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيْطَانَ وَجَنِّبِ الشَّيْطَانَ مَارَزَقْتَنَا

تەرجىمىسى: ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن ئىش قىلىمەنكى، ئاللا بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، سەن بىزگە ئاتا قىلىدىغان پەرزەنتنىمۇ شەيتاندىن يىراق قىلغىن.
(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولماقچى بولسا، بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بالا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا شەيتان ھەرگىزمۇ زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ" دېگەن.)

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەرسىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

أَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ

تەرجىمىسى: نېمىتى بىلەن ياخشىلىقلار مۇكەممەللىشىدىغان ئاللاغا شۈكۈر.

ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

أَلْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلٰى كُلِّ حَالٍ

تەرجىمىسى: ھەممە ھالغا خۇداغا شۈكۈر.

چۈشكۈرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بىرىڭلار چۈشكۈرسە الحمدُ للهِ ربِّ العالمين يەنى 'جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر' دېسۇن، ئاڭلىغۇچى يَرْحَمُكَ اللهُ يەنى 'ئاللا ساڭا رەھمەت قىلسۇن' دېسۇن. چۈشكۈرگۈچى ئۇنىڭغا جاۋابەن يغفرُ اللهُ لنا ولكم يەنى 'ئاللا بىزگە ۋە سىلەرگە مەغپىرەت قىلسۇن' دېسۇن." يەنە بىر رىۋايەتتە يهديكم اللهُ ويصلحُ بالكم يەنى 'ئاللا سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، ھالىڭلارنى ياخشىلىسۇن' دېسۇن" دېيىلگەن.

دېڭىزدا قاتنىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:

بسمِ اللهِ مجريها ومُرساها إنَّ ربي لغفورٌ رحيمٌ). (وما قَدَروا اللهَ حقَّ قدرِهِ والأرضُ جميعاً قبضتُه يومَ القيامة والسموات مطويات بيمينه سبحانَه وتعالى عما يشركون

تەرجىمىسى: "كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەندۇر، شۈبھىسىزكى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر." "ئۇلار ئاللانى ھەقىقىي رەۋىشتە

تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللانىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ. ئاسمانلار ئاللانىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللا ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر."

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۈممىتىم دېڭىزدا قاتناشقان چاغدا بۇ دۇئانى ئوقۇسا ئامان - ئېسەن بولىدۇ" دېگەن.)

**مېيىپ بولغان ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىشىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

الحمدُ للهِ الذي عافاني مِمّا ابتلاكَ به وفَضَّلَني على كَثيرٍ مِمَّن خلقَ تَفْضيلاً

**تەرجىمىسى:** سېنى مۇپتىلا قىلغان بالادىن مېنى سالامەت قىلغان، ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ نۇرغۇنىدىن مېنى ئۈستۈن قىلغان ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىمكى بىرەر مەيىپ بولغان ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىشىنى كۆرگەندە بۇ دۇئانى ئوقۇسا، ئاللا ئۇنى ئاشۇ ئادەمنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆمۈر بويى ساقلايدۇ" دېگەن.)

**ئۇلاغقا مىنگەندە، ماشىنا ۋە ئايروپىلان قاتارلىقلارغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا:**

بِسْمِ اللهِ، اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ، سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ * وَإِنَّا إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ

**تەرجىمىسى:** ئاللانىڭ ئىسمى بىلەنكى، جەمئىي ھەمدۇسانا ئاللاغا مەنسۇپ، بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە، چىقىشقا) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز.

**(ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

## ◇ دۆلەتباغ يېزىسىدا دىنىي خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنمەكتە ◇

مارالبېشى ناھىيە دۆلەتباغ يېزىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇق يارىتىلدى.

بۇ يېزا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قانات يايدۇرغان قوش "بەشتە ياخشى" بولۇش پائالىيىتىنى ئىزچىل ئېلىپ بارغاچقا، 1993-يىلدىن بۇيان ناھىيە دەرىجىلىك "بەشتە ياخشى" مەسچىت 20گە، "بەشتە ياخشى" دىنىي زات 28 گە، يېزا دەرىجىلىك "بەشتە ياخشى" مەسچىت 47گە، "بەشتە ياخشى" دىنىي زات 50كە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

بۇ يېزا يەنە دىنىي زاتلار ئارىسىدا ھالال ئەمگەك ئارقىلىق باي بولۇش، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىن، يېزا بويىچە ئالدىن بېيىغان دىنىي زات ئائىلىسى 39غا يەتتى، 13 ئائىلە تراكتور ۋە يۇرۇشلەشكەن تېرىلغۇ ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ كىرىمىنى كۆپەيتتى. ئۇلار بېيىغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، 5600 يۈەن پۇل، تۆت تونىنا كۆمۈر، سەككىز ھارۋا ئوتۇن، 800 جىڭ ئاشلىق قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى قىيىنچىلىقى بار 30 ئائىلىگە يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار يەنە 560 يۈەن پۇل توپلاپ، قىيىنچىلىقى بار 41 ئوقۇغۇچىغا ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئېلىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە 26 ئوقۇغۇچىغا 26 قۇر كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. **(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)**

# جۇمە نامىزى

شېرىپجان داموللا ھاجى، مۇھتەرەم ھاجى

"جۇمە" دېگەن بۇ سۆز ئەرەب تىلىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ تىلىغا كىرىپ، شۇ تىللاردا، بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئالاھىدە بىر دىنىي يىغىلىش بولىدىغان كۈنگە ياكى شۇ كۈندىكى زور دەرىجىدە توپلىشىپ ئادا قىلىدىغان بىر دىنىي پائالىيەتكە قارىتىلىغان.

"جۇمە" دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا "جۇمئە" دەپ ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭ لۇغەت مەنىسىمۇ "توپلاشماق، يىغىلماق، جەم بولماق" دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنىنىڭ كەينىدىكى، شەنبە كۈنىنىڭ ئالدىدىكى مەخسۇس بىر كۈنىنىڭ پېشىن ۋاقتىدا ئالاھىدە ئوقۇغان ئىككى راكئەت نامىزى جۇمە نامىزى دەپ ئاتالغان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، جۇمە كۈنى جاھىلىيەت دەۋرىدە "ئەرۇبە كۈنى" دەپ ئاتىلىدىكەن، بۇنىڭ مەنىسى "ئۇلۇغ كۈن" ياكى "رەھمەت كۈنى" دېگەن بولىدۇ. ئىسلام دىنى كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ مەدىنەمۇنەۋۋەررە شەھىرىگە يېتىپ بارغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭمۇ ھەر يەتتە كۈن ئىچىدە ئالاھىدە يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان كۈنلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ: "يەھۇدىيلارنىڭ ھەر يەتتە كۈن ئىچىدە بىر جايغا توپلىشىدىغان بىر كۈنى بار، ئۇ بولسىمۇ شەنبە كۈنى. ناسارالارنىڭمۇ ھەر يەتتە كۈن ئىچىدە بىر جايغا توپلىشىدىغان بىر كۈنى بار، ئۇ بولسىمۇ يەكشەنبە كۈنى. بىزمۇ بىر كۈننى ئالاھىدە توپلىشىدىغان كۈن قىلىپ بېكىتىپ، ئۇ كۈندە ئاللاتائالانى زىكرى قىلايلى، شۈكۈر ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنايلى" دېيىشكەن. ئاندىن كەئبە بىننى لۇئى تۇرۇپ، "ئەرۇبە كۈنى"نى جۇمە كۈنىگە ئۆزگەرتىشنى تەكلىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن تارىختا ئەڭ بۇرۇن "ئەرۇبە كۈنى"نى جۇمە كۈنى دەپ ئاتىغان كىشى كەئبە بىننى لۇئى بولۇپ قالغان.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىدا، بۇ كۈندە كۆپ ياخشىلىقلار توپلانغانلىقى (جەملەنگەنلىكى) ئۈچۈن جۇمە كۈنى دەپ ئاتالغان. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، بۇ كۈندە ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز زېمىنغا چۈشۈرۈلۈپ ئۇزاق مۇددەت بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشالماي، ئاخىر مۇشۇ جۇمە كۈنىدە بىر يەردە جەم بولغان، شۇڭا بۇ كۈن جۇمە كۈنى دەپ ئاتالغان.

## 1. جۇمە كۈنىنىڭ پەزىلىتى

ئىسلام دىنىدا جۇمە كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك كىچىك بايرىمى بولۇپ، بۇ كۈندە بارلىق مۇسۇلمانلار ئاممىسى پاكىز يۇيۇنۇپ، پاكىز كىيىنىپ، خۇشال-خۇراملىق مۇھىتى ئىچىدە پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالا تاپشۇرغان ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقان زور پائالىيەت ئۈستىدە ئۇچرىشىدۇ، ئۆزئارا تونۇشىدۇ، بىر-بىرى بىلەن بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ ھەمدە ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ھەپتىلىك

ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن قىلغان مول مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك تەلىم-تەربىيىلىرىنى، تەشۋىقاتلىرىنى ئاڭلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى، پرىنسىپلىرىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىدە ئىسمى جىسمىغا لايىق ھەقىقىي تەقۋادارلىق خىسلىتىنى يېتىلدۈرىدۇ.

بىزنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: "ئەڭ ياخشى كۈن جۈمە كۈنى بولۇپ، بۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان، بۇ كۈندە ئۇ جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن، بۇ كۈندە ئۇ جەننەتتىن چىقىرىلغان، قىيامەت كۈنى پەقەت مۇشۇ كۈنــدە بولىدۇ". پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ كۈننىڭ ئەھمىيىتى، ئالاھىدىلىكى، باشقا كۈنلەرگە نىسبەتەن ئەۋزەللىك تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ، "بۇ كۈندە ئاللاتائالا 600 مىڭ كىشىنى ئازابتىن قۇتقۇزىدۇ، بۇ كۈندە ۋاپات بولغان كىشى شېھىت بولىدۇ، قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىدۇ" دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسلىرى بار.

## 2. جۈمەگە تەييارلىنىش

ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن ئەتىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك كىچىك بايرىمىنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىش ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئۇلۇغ يىغىلىشىغا قاتنىشىش ۋە بۇ كۈندە ئورۇنداش پەرز بولغان جۈمە نامىزىنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا جۈمە نامىزى گەدىنىگە چۈشكەن ھەربىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇ ئۇلۇغ كۈننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئورۇندىشى مۇستەھەب دەپ قارىلىدۇ:

1) ھەر پەيشەنبە كۈنى جۈمە كۈندە كىيىدىغان كىيىم-كېچەكلەرنى يۇيۇپ، تازىلاپ، دەزمال سېلىپ تەييارلاپ قويۇشى، كىيىم-كېچەكلەرگە چاچىدىغان خۇش بوي، ئەتىرە نەرسىلەرنى ھازىرلاپ قويۇشى كېرەك.

2) جۈمە كۈنى سەھەردە غۇسۇل تاھارەت ئېلىشى، ئۆزىنى پاكلىشى كېرەك. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە يولىيورۇق بېرىپ: "ئەي مۇسۇلمانلار جامائەسى، ئاللاتائالا سىلەرگە بۇ كۈننى بايرام قىلىپ بەردى، شۇڭا سىلەر يۇيۇنۇڭلار ۋە چىشلىرىڭلارنى مىسۋاك بىلەن پاكلاڭلار" دېگەن.

3) جۈمە كۈنى ياخشى كىيىنىشى، ياسىنىشى، چىشلىرىنى پاكىز يۇيۇشى، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ياسىشى، تىرناقلىرىنى ئېلىشى، كىيىم-كېچەكلىرىگە ئەتىرە، خۇش بوي نەرسىلەرنى چېچىشى كېرەك.

4) جۈمە ئوقۇلىدىغان جامە مەسچىتكە ناھايىتى تەمكىنلىك، كەمتەرلىك بىلەن ئۇلۇغ ئاللاتائالانى ئەسلەپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئالدىراپ بالدۇر مېڭىشى كېرەك. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا بالدۇر بېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "جۈمە كۈنى كېلىدىغان بولسا، پەرىشتىلەر قوللىرىدا كۈمۈشتىن بولغان خاتىرىلەرنى، ئالتۇندىن ياسالغان قەلەملەرنى تۇتۇشۇپ، مەسچىتلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىدا بىرىنچىلەپ كەلگەنلەرنى ئۆز تەرتىپى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملايدۇ".

5) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە مەسچىتكە كىرگەندە قىستىلىشماي كىرىش، مەسچىت ئىچىدە ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن كېسىپ ئۆتمەسلىك، ھەمدە ئۇلارنىڭ باش-بويۇنلىرىنى ئاتلاپ ماڭماسلىق كېرەك. ئەگەر ئالدىنقى سەپتە بوش ئورۇن بولۇپ، بالدۇر كىرگەن كىشىلەر ئورۇننى بوش قويغان بولسا، شۇ بوش ئورۇنغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋالسا بولىدۇ.

6) ئىمام جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىنى ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققاندا، ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا نامىزنى ئاياغلاشتۇرۇشى، مۇئەززىننىڭ ئېيتقان ئەزىنىغا تەڭ جاۋاب قايتۇرۇشى، ئىمام خۇتبە سۆزلەشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىغاندا، ئۇنى دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشى كېرەك.

## 3. جۈمە نامىزى

جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىش شەرتى توشقان ھەربىر مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن جۈمە نامىزى پەرز بولۇپ، بۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلاردىكى ئايەت، ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ھەمدە بارلىق ئۆلىمالار بىرلىككە كېلىپ "ئىجما" قىلغان ھۆكۈمدۇر.

جۈمە نامىزى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پەرز ناماز بولۇپ، ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك پېشىن نامىزىنىڭ ئورنىغا چۈشكەن ناماز ئەمەس، چۈنكى جۈمە نامىزى گەدىنىگە پەرز بولمىغان بىر كىشى پېشىن نامىزىنى ئادا قىلىش نىيىتىنى قىلىپ جۈمە نامىزىغا كىرسە ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ، بۇنىڭدىن جۈمە نامىزى بىلەن پېشىن نامىزىنىڭ ئايرىم-ئايرىم نامازلار ئىكەنلىكىنى، جۈمە نامىزى ئۆز ۋاقتىدا تەلەپلەرگە لايىق، مۇۋاپىق ھالدا ئادا قىلىنغاندا پېشىننىڭ پەرزلىكى ساقىت بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىدا جۈمە نامىزى پېشىن نامىزىنىڭ ئورنىغا چۈشكەن ناماز بولۇپ، ئىمام سۆزلىگەن ئىككى خۇتبە پېشىننىڭ ئىككى راكىئىتىنىڭ ئورنىنى ئالسا، ئىككى راكىئەت جۈمە نامىزى قالغان ئىككى راكىئەتنىڭ ئورنىغا چۈشسە تۆت راكىئەت پېشىن نامىزىنىڭ ئورنىنى دەسسەيدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندىكىدەك ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن ئەمەس ھەمدە بۇ خىل كۆز قاراشنى كۆپىنچە ئۆلىمالار رەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ توغرىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "جۈمە نامىزى قىسقارتىلغان ناماز بولماستىن، بەلكى ئۇ تولۇق پۈتۈن ناماز". بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان ھەمدە ئىمام نەۋەۋى «مەجمۇ» دېگەن كىتابىدا ھەسەن (ياخشى) ھەدىس دەپ بېكىتكەن.

جۈمە نامىزىنىڭ پەرز قىلىنغان ۋاقتى توغرىسىدا ئىككى خىل رىۋايەت بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرسىدە جۈمە نامىزى ھىجرىيىنىڭ 1-يىلى مەدىنىدە پەرز قىلىنغان دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە جۈمە نامىزى پەيغەمبىرىمىز مەككىدىكى چېغىدىلا پەرز قىلىنغان بولۇپ، مەككىدىكى قۇرەيش ئەھلىنىڭ ھەر خىل قىيىن-قىستاق، توسقۇنلۇقلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇ جۈمە نامىزى ئوقۇيالماي كەلگەن دېيىلگەن. بۇ كېيىنكى رىۋايەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئاساسى بولۇپ، بۇنى دارۇ قۇتنىنىڭ ئىبنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى قۇۋۋەتلەيدۇ. رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى بۇنىڭغا جۈمە نامىزى ئوقۇش بەلگىلەنگەن، لېكىن پەيغەمبىرىمىز مەككىدە (ھەر خىل توسقۇنلۇقلار تۈپەيلىدىن) جۈمە نامىزى ئوقۇيالمىغان، شۇڭا پەيغەمبىرىمىز مۇسئەب بىننى ئۇمەيرگە مەكتۇپ يازغان. خېتىدە: "مەقسەتكە كەلسەم، سەن يەھۇدىيلارنىڭ شەنبە كۈنىلىك زەبۇر تىلاۋەت قىلىدىغان كۈنىگە قارا، سىلەر خوتۇن، بالا-چاقىلىرىڭلارنى يىغىپ، جۈمە كۈنى كۈن قايرىلغاندا، ئىككى راكىئەت ناماز ئوقۇپ ئاللاتائالاغا يېقىنلىشىڭلار" دېگەن.

مۇسئەب بىننى ئۇمەير مەدىنىگە ئەڭ ئاۋۋال ھىجرەت قىلغان كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇ مەدىنىدە ئىمامەتچىلىك قىلغاچ مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى، ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرەتتى، شۇڭا ئۇ مۇقرى (قىرائەت تەلىماتچىسى) دەپ ئاتىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا ئەسئەد بىننى زۇرارە كىشىلەرنى يىغىپ بەرسە، مۇسئەب ئۇلارنى باشلاپ ناماز ئوقۇيتتى. شۇڭا "مۇسئەب بىننى ئۇمەير پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن 12 كىشى بىلەن جۈمە نامىزى ئوقۇغان" دەپ رىۋايەت قىلىنغان. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەڭ ئاۋۋال جۈمە نامىزى ئوقۇغان ئەسئەد بىننى زۇرارە بولۇپ، ئۇ 40 كىشى بىلەن مەدىنىنىڭ

بىر تەرىپىدىكى ئۆيمان بىر جايىدا جۈمە نامىزى ئوقۇغان، دېيىلگەن. بۇ رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغان نامازلارنى بەزىلەر نەفلى نامازلار ئىدى دەپ قارىغان. جۈمە نامىزىنى مەيلى كىملا باشلاپ ئوقۇغان بولسۇن، مەيلى بۇ نامازلار جۈمە نامىزى بولسۇن ياكى نەفلى ناماز بولسۇن، بۇ رىۋايەتلەر بىزگە شۇ ۋاقىتدا جۈمە نامىزىنىڭ باشلانغانلىقىنى ياكى جۈمە نامىزىنىڭ باشلىنىشىغا ئاساس سېلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ دۈشەنبە كۈنى يېتىپ بارغان. شۇ كۈنى، سەيشەنبە كۈنى ۋە چارشەنبە كۈنى ئەمرى بىننى ئەۋف قەبىلىسىنىڭ قۇبا دېگەن جايىدا تۇرۇپ، پەيشەنبە كۈنى قۇبا مەسچىتىنى سالغان. ئەتىسى جۈمە كۈنىدە ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ سالىم بىننى ئەۋف مەھەللىسىگە كەلگەندە جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى توشۇپ قالغان، پەيغەمبىرىمىز شۇ يەردە دەسلەپكى جۈمە نامىزىنى ئوقۇغان. بۇ ھىجرىيىنىڭ 1-يىلى رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 16-كۈنى —— مۇبارەك جۈمە كۈنى ئىدى. بەزىلەر بۇ كۈننى جۈمە پەرز بولغان كۈن دەپ قارىشىدۇ، لېكىن بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ كۈچلۈك پاكىتى بولمىغاچقا، ئۇستاز ۋەھبى زۇھەيلى ئۆزىنىڭ «ئىسلام دىنى قانۇنى ۋە پاكىتلىرى» دېگەن كىتابىدا دارۇ قۇتنىنىڭ ئىبنى ئەبباستىن قىلغان رىۋايىتى بىلەن جۈمە نامىزى پەيغەمبىرىمىز مەككىدىكى چېغىدىلا پەرز قىلىنغان دېگەن قاراشنى قوللىغان، بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ زور دەرىجىدە ئاساسى بار.

## 4. جۈمە نامىزىنىڭ شەرتلىرى

جۈمە نامىزىغا ئادەتتىكى بەش ۋاخلىق نامازغا قويۇلغان ئالتە شەرتتىن باشقا، يەنە بىرقانچە شەرتلەر قويۇلغان بولۇپ، بۇ شەرتلەر ئۈستىدە ئۆلىمالار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلىپ، ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىل-پاكىتلارغا تايىنىش ئاساسىدا، "جۈمە" دېگەن سۆزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قارىتا ئېيتىلىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشىگە ھەمدە بۇ سۆزنىڭ لۇغەت ۋە ئىستىلا مەنىلىرىگە، شۇنىڭدەك جۈمە نامىزى پەرز قىلىنىشىدىكى ئىلمىي ھېكمەتلەرگە تولۇق مۇۋاپىق بولۇشى ھەمدە جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن بۇ شەرتلەر چوقۇم ھازىرلىنىشى كېرەك دەپ بېكىتكەن. بۇ ئۆلىمالارنىڭ ساپ ئەقلىي ئىجتىھاتلىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلار بۇ شەرتلەرنى بېكىتىشتىن بۇرۇن ھەربىر مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىپ، كۈچلۈك تايانچ بولالايدىغان نەقلىي دەلىل-پاكىتلار ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدەنگەن ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، شۇڭا بۇ كۆز قاراشلارغا ئالاھىدە ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئاددىيغىنا مەلۇماتلىرىمىز بىلەن بەزى تەقۋادار ئۆلىمالىرىمىز ئۈستىدىن خاتا ھۆكۈملەرنى چىقىرىپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك.

بىز بۇ يەردە جۈمە نامىزىنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئىسلام دۇنياسىدىكى بارلىق ئۆلىمالار (سۈننىي مەزھەپلەر) بىردەك ئېتىراپ قىلغان پىكىر ئېقىمىدىكى كۆز قاراشلارنى، بىزنىڭ دىيارىمىزدا ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن بۇيانقى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ھەنەفى قاراشتىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە يانداشتۇرۇپ سېلىشتۇرما ئاساسىدا بايان قىلىمىز.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندىكىدەك جۈمە نامىزىغا ئالاھىدە ئىككى تۈركۈم شەرت قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ بىر تۈركۈمى جۈمە نامىزى ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلغان، يەنە بىر تۈركۈمى جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس ھالدا ئادا بولۇشىغا قويۇلغان. جۈمە نامىزىنى ئادا قىلغۇچىلارغا قويۇلغان شەرتلەر ئالتە بولۇپ، ئۇلار: (1) ئەر كىشى بولۇشى، (2) ئەركىن كىشى بولۇشى، (3) ساغلام بەدەن بولۇشى، (4) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان يۇرتتا مۇقىم تۇرىدىغان بولۇشى، (5) بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى، (6) ئەقلى-ھوشى جايىدا

www.uyghurkitap.com

بولۇشى كېرەك. بىز بۇ ئالتە شەرتنى تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

1) جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىدىغان كىشى ئەر كىشى بولۇشى كېرەك. جۇمە نامىزى ئاياللارغا پەرز ئەمەس. ئەگەر ئايال كىشىلەرنىڭ شارائىتى قولايلىق، جۇمە ئوقۇلىدىغان ئورۇندا ئاياللارغا خاس ئورۇن ئاجرىتىلغان ياكى جامائەتنىڭ بىر تەرىپىدە جۇمە ئوقۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسا، جۇمە نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ.

2) جۇمە نامىزى ئوقۇيدىغان كىشى ئەركىن كىشى بولۇشى كېرەك. قۇل ياكى قۇللۇق خاراكتېرىدە ياشاۋاتقان كىشىگە جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىش پەرز ئەمەس. ئەگەر بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قولايلىق شارائىتلىرى بولۇپ، جۇمە نامىزىنى ئادا قىلسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

3) جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىدىغان كىشى ساغلام بەدەن بولۇشى كېرەك. جۇمە نامىزى كېسەلچان، ئاجىز، قارىغۇ دېگەندەك جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا شارائىتى يار بەرمەيدىغان كىشىلەرگە پەرز ئەمەس. ئەگەر جۇمە نامىزىغا بارسا كېسىلىگە ئەكس تەسىر بەرمەيدىغان، بېرىشقا قولايلىق شارائىتلىرى بار كىشىلەر جۇمە نامىزىغا بارسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى.

4) جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىدىغان كىشى جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان يۇرتتا مۇقىم تۇرىدىغان كىشى بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇساپىر بولسا، شۇ يۇرتتا 15 كۈندىن ئارتۇق ئىقامەت (تۇرۇش)نى نىيەت قىلغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئىقامەتنى نىيەت قىلمىغان، 89 كىلومېتىردىن ئوشۇق مۇساپىدىكى يولنى ماڭغان مۇساپىر كىشى بولسا، ئۇنىڭغا جۇمە نامىزىنى چوقۇم ئادا قىلىش پەرز ئەمەس، ئەگەر شارائىتى يار بېرىپ جۇمە نامىزىنى ئوقۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسا، جۇمە نامىزى ئوقۇسا، ئوقۇغان نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

ھەنەفىلارنىڭ قارىشىچە، مۇساپىر كىشى بارغان ئورۇندا ئىقامەتنى نىيەت قىلسۇن ياكى نىيەت قىلمىسۇن، ئۇ جۇمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن جامائەتنىڭ ئەڭ ئاز سان چەكلىمىسىگە قويۇلغان سان دائىرىسىگە كىرالايدۇ. شۇڭا، ئۇ ھەنەفىلارنىڭ قارىشىچە جامائەتتىكى ئۈچ كىشىنىڭ بىرسى بولالايدۇ.

ئەمما شافىئىلار، مالىكىلار، ھەنبەلىلەر مۇساپىر كىشى تۆت كۈندىن ئارتۇق ئىقامەتنى نىيەت قىلسىلا ئۇ كىشىگە جۇمە نامىزى ئوقۇش ۋاجىپ، لېكىن ئۇ كىشى جۇمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا قويۇلغان شەرتتىكى جامائەتنىڭ ئەڭ ئاز سان چەكلىمىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرالمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا مۇساپىر كىشى جۇمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا قويۇلغان شەرتتىكى ئەڭ ئاز سان چەكلىمىسى دائىرىسىگە كىرىشى ئۈچۈن، ئۇ شۇ يۇرتتا تۇراقلىشىپ قېلىشى شەرت. شۇڭا ئۆلىمالار جۇمە كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن يولغا چىقىش مەسىلىسىدە ئالاھىدە توختالغان. ھەنەفىلار بىلەن مالىكىلار: جۇمە كۈنى جۇمە نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن يولغا چىقسا بولىدۇ، جۇمە نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن سەپەر قىلىش مەكرۇھ دەپ قارايدۇ. مالىكىلار قوشۇمچە قىلىپ، ئەگەر جۇمە ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن يولغا چىقسىمۇ يولدا جۇمە نامىزى ئوقۇۋېلىش شارائىتىنى تاپالمايدىغان ئەھۋال بولسا، بۇ ۋاقىتتىمۇ سەپەر قىلىش ياخشى ئەمەس دەپ قارايدۇ. شافىئىلار بىلەن ھەنبەلىلەر جۇمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ياكى كۈن قايرىلغاندا سەپەر قىلىشنى ھارام دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېيتىشىدا، ئەگەر بالدۇر يولغا چىقىپ يول ئۈستىدە ياكى بارغان جايدا جۇمە نامىزى ئوقۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسا، ياكى ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، يول ئۈستىدە قىيىنلىپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، ياكى سەپىرى ھەج سەپىرىگە ئوخشاش ۋاجىپ سەپەر بولۇپ ۋاقىت قىستاپ قالغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا سەپەر قىلسا بولىدۇ.

بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئىچىدە ھەنەفىلار بىلەن مالىكىلارنىڭ كۆز قارىشى شەرىئەتنىڭ دىنىي

ۋەزىپىلەرنى ئاسانلاشتۇرۇش، قىيىنچىلىقلارنى ئازايتىش پىرىنسىپلىرى بويىچە كۆچلەندۈرۈلۈپ، كۆپىنچە ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سەپەر قىلىش دۇرۇس دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى رىۋايەتلەر دەلىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ: "ئەگەر بۈگۈن جۈمە كۈنى بولمىغان بولسا، مەن سەپەرگە چىققان بولاتتىم" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، ئۇ "سەن سەپەرگە چىق، چۈنكى جۈمە كۈنى سەپەرنى توسمايدۇ" دەپ ئېيتقان. يەنە بىر رىۋايەتتە زەھرى جۈمە كۈنى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە سەپەرگە چىقىشقا تەمشەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر كىشى ئۇنىڭغا: "جۈمە كۈنىدە سەپەرگە چىقىشقا بولمايدۇ" دېگەن، ئۇ: "پەيغەمبىرىمىز جۈمە كۈنى سەپەر قىلغان" دەپ جاۋاب بەرگەن.

5) جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىدىغان كىشى بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى كېرەك. جۈمە نامىزى كىچىك، سەبىي بالىلارغا پەرز ئەمەس.

ئۆلىمالار ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى تۆت شەرتكە پەيغەمبىرىمىزنىڭ "جۈمە نامىزى ھەربىر مۇسۇلمان كىشىگە جامائەت بىلەن ئادا قىلىش ۋاجىپ، پەقەت تۆت خىلدىكى كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلار: (1) باشقىلارنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى قۇل، (2) ئايال كىشى، (3) كىچىك بالا، (4) كېسەل كىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت" دېگەن ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈرگەن.

6) جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىدىغان كىشىنىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇشى كېرەك. مەجنۇن، ساراڭلارغا جۈمە نامىزىنى ئوقۇش پەرز ئەمەس.

ھەنەفىلار يەنە، بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندىكىدەك، جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق ھالدا دۇرۇس ئادا بولۇشى ئۈچۈن ئالتە شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىز بۇ شەرتلەرنى بايان قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۇلارنىڭ ھەربىر شەرتكە كەلتۈرگەن ئەقلىي-نەقلىي دەلىللىرىنى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى شافىئى، مالىكى ۋە ھەنبەلىيلارنىڭ ئايرىم كۆز قاراشلىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ كۆز قاراشلاردىكى دەلىل-پاكىتلىرىنى بىرقۇر سۆزلەپ ئۆتىمىز.

1) ھەنەفىلارنىڭ قارىشىچە، جۈمە نامىزى تەلەپكە لايىق دۇرۇس ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن، جۈمە ئوقۇلىدىغان ئورۇن مىسىر (چوڭراق يۇرت ياكى ئاۋات جاي) بولۇشى كېرەك. ئۆلىمالار "مىسىر" دەپ ئاتالغان چوڭراق يۇرتنىڭ دائىرىسى، دەرىجىسى، تەبىرى مەسىلىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلاردا بولغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (ئاللاتائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ ئېيتىشىچە، "مىسىر" دېگەن نامغا چۈشىدىغان چوڭراق يۇرت دېگىنىمىز شەرىئەت ئەھكاملىرى ئەمەلىي ئىجرا قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئەھكاملارنى ئىجرا قىلالايدىغان قازى، مۇفتىلىرى بار ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد بىلەن ئىمام ئەبۇ يۈسۈف (ئاللاتائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) لارنىڭ بەرگەن تەبىرىدە، مىسىر دېگەن بىر يۇرت بولۇپ، ئۇ يۇرتتىكى جۈمە نامىزى ئوقۇش گەدىنىگە چۈشكەن بارلىق جامائەتلەر شۇ يۇرتنىڭ ئەڭ چوڭ جامە مەسچىتىگە يىغىلسا سىغىشماي قالىدىغان دەرىجىدىكى يۇرتتىن ئىبارەت. يەنە بەزىلەر "مىسىر" دېگەن بۇ ئاتالغۇغا بىرقانچە خىل ئوخشاش بولمىغان تەبىرلەرنى بەرگەن. بىز بۇ يەردە ئۇلارنىڭ تەپسىلاتلىرىغا چۈشمەيمىز، لېكىن بۇ تەبىرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارالغىنى يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان ئىككى خىل چۈشەنچە بولۇپ، بۇ ئىككى خىل چۈشەنچە ئىچىدە ئىمام مۇھەممەد بىلەن ئىمام ئەبۇ يۈسۈف (ئاللاتائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نىڭ بەرگەن تەبىرى كۆپىنچە ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا مەقبۇل بولغان ھەمدە ئالدىنقى تەبىرگە تايىنىۋېلىپ، بەزى كىشىلەرنىڭ جۈمە نامىزىنى ئوقۇماي قېلىشىدىن ساقلىنىش ئېھتىياتى بىلەن كۆپ ھاللاردا كېيىنكى تەبىر بىلەن پەتىۋا بېرىلگەن.

ھەنەفىيلار جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇن مىسىر بولۇشى كېرەك دەپ قويغان بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ: ”جۈمە نامىزى ۋە تەشرىق كۈنلىرىدىكى تەكبىرلەر پەقەت چوڭ مىسىردىلا ئوقۇلىدۇ“ دېگەن ھەدىسىنى ھەمدە ئەبۇ شەيبەنىڭ ئوغلى ئەلى رەزىيالللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان: ”جۈمە نامىزى، تەشرىق كۈنلىرىدىكى تەكبىرلەر، روزا ھېيت نامىزى، قۇربان ھېيت نامىزى قاتارلىقلار پەقەت چوڭ بىر يۇرتتا ياكى چوڭ بىر شەھەردە ئوقۇلىدۇ“ دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلغان. مۇشۇ ئاساستا، ئۆلىمالارنىڭ ”مىسىر“غا بەرگەن تەبىرىدىكى شەرتلەرگە توشمىغان، چوڭ يۇرتتىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان كىچىك مەھەللە-كەنتلەردە ئايرىم جۈمە نامىزى ئوقۇشقا شەرت توشمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭدىن كىچىك مەھەللە-كەنتلەردىكى جۈمە نامىزى ئوقۇش گەدىنىگە چۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى تەۋە بولغان چوڭ شەھەرلەرگە كىرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇشى كېرەك دېگەن چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ.

مالىكىلار يۇقىرىقى تەبىرلەر ئاساسىدىكى ”مىسىر“نى جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا شەرت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، شەھەرلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان مۇستەقىل يېزا-قىشلاقلاردا، مەھەللە-كەنتلەردە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىش گەدىنىگە چۈشكەن 12 كىشى بولسىلا، توپلىشىپ جۈمە نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ، لېكىن ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئاشۇ كىشىلەر جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان بۇ جايدا دائىملىق ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بولۇشى كېرەك. شۇڭا مالىكىلارنىڭ قارىشىدا بىر قىسىم كىشىلەر يىراق، ئايرىم بىر جايغا چۈشۈپ بىرنەچچە ۋاقىت ۋاقىتلىق تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، ئۇلارغا جۈمە نامىزى ئوقۇش ۋاجىپ بولمايدۇ. بۇ ئاساستا مالىكىلار جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە مەسچىتكە تۆت شەرتنى قويغان:

(1) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە مەسچىتى قۇرۇلۇش ئەشيالىرى بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش ئادىتى بويىچە سېلىنغان بولۇشى، تاش-كېسەكلەرنى دۆۋىلەپ، ئەتراپىنى توسۇپ قويغان ئاددىي جاي بولماسلىقى كېرەك.

(2) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش بىناكارلىقى سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن دېگەندە شۇ يۇرتنىڭ سەۋىيىسى بويىچە بولۇشى كېرەك.

(3) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە مەسچىتى كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان يۇرت ئىچىدە بولۇشى ياكى شۇ يۇرتقا يېقىن، بىنالىرىدىن ئىس-تۈتۈن چىقسا جامە مەسچىتى ئورۇنلاشقان جايغا يېتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

(4) بىر يۇرت ئىچىدە جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە مەسچىتى پەقەت بىرلا بولۇشى كېرەك، ئەگەر جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسچىت بىرقانچە بولسا، شۇ يۇرتتىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ چوڭ مەسچىتتە ئوقۇلغان جۈمە نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

شافىئىلارنىڭ قارىشىدا جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ چوڭ يۇرت (مىسىر) بولۇشى شەرت ئەمەس. ھەرقانداق شەھەر، يېزا-كەنتلەردە دائىملىق ئولتۇراقلىشىپ تۇرىدىغان، جۈمە نامىزىنى ئوقۇش گەدىنىگە چۈشكەن 40 كىشىلا بولسا توپلىشىپ جۈمە نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ.

ھەنبەلىلەرنىڭ قارىشىدا، چوڭ بىر يۇرتنىڭ ئىسىم تەۋەلىكىگە كىرىدىغان شۇ يۇرتنىڭ بارلىق رايون، مەھەللە-كەنتلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر جايغا يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇشى پەرز. چۈنكى بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى شۇ يۇرتنىڭ نامى دائىرىسىگە كىرىپ شۇ يۇرتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەمما ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىسمى بار مۇستەقىل ياقا مەھەللە ياكى كەنتلەر بولۇپ، ئۇ مەھەللە-كەنتلەردە جۈمە ئوقۇش شارائىتى قولايلىق بولسا ۋە جامائەتنىڭ سانى 40 كىشىگە يەتسە ئايرىم جۈمە ئوقۇسا بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا شارائىتى توشمىسا،

يېقىن ئەتراپىتىكى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جايلارغا بېرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇپ كەلسە بولىدۇ. ئەگەر جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولسا، ئۇلاردىن جۈمە نامىزى ساقىت بولىدۇ. ھەنبەلىلەرنىڭ قارىشىدا يەنە يىراق جايلاردىكى چېدىرلاردا، سەھرالاردا ياكى جۈمە ئوقۇش گەدىنىگە چۈشكەن كىشىلەرنىڭ سانى 40قا يەتمىگەن كىچىك كەنتلەردە جۈمە نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

2) ھەنەفىيلەرنىڭ قارىشىدا، جۈمە نامىزىغا ئىمام بولىدىغان كىشى سۇلتان (يۇرت باشلىقى) ياكى سۇلتان ئىجازەت بەرگەن ئالاھىدە نوپۇزلۇق كىشى بولۇشى كېرەك. چۈنكى مۇشۇنداق چوڭ، كەڭ كۆلەملىك دىنىي يىغىلىشقا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئالىم-ئۆلىمالار، ئىمام-خەتىپلەر ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆپلەپ قاتنىشىدۇ. بۇ كەڭ كۆلەملىك زور دىنىي يىغىلىشتىكى جامائەتنىڭ ھەر خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، تونۇشلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدەك ئالاھىدە ئەھۋال ئىچىدە ناھايىتى زور سەلتەنەتلىك، ئىقتىدارلىق، يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر شەخسنىڭ كەڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي بىلىملىرى بىلەن جامائەتكە خۇتبە سۆزلىشى، قايىل قىلارلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىشى، ئۇلارغا داغ-دۇغا بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشى ناھايىتى زۆرۈر. يەنە بىر تەرەپتىن جۈمە نامىزىدەك مۇشۇنداق داغ-دۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەتكە ئالاھىدە بىر شەخسنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى بولمىسا، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكى ھەر خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپقان جامائەت ئىمامنى تەيىنلەشتە بىردەك كۆز قاراشتا بولماي، ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەنەفىيلار بىر يۇرت ئىچىدىكى ھەيۋەتلىك چوڭ پائالىيەتكە ئالاھىدە نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى بېكىتىپ، بۇنىڭغا ئۆلىمالار مەرفۇئىلۇق(بۇنى رەسۇلۇللا دېگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئىشەنچ) دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بىر ھەدىسنى، يەنى "تۆت ئىش يۇرت باشلىقلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇلار: ئۇلجا تەقسىم قىلىش، ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش، زاكات مالى ئېلىش، جۈمە نامىزى ئوقۇش ئىشلىرىدىن ئىبارەت" دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلغان. شۇڭا بۇ ھەدىستىن ئىمام سۇلتان بولۇشى ياكى ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇشى، ئەگەر ئۇلار ئىمام بولمىسا، سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەرگە ئوچۇق-ئاشكارا ئىجازەت بېرىشى كېرەك، دېگەن ئۇقۇم ھاسىل بولىدۇ.

شافىئىلار، مالىكىلار ۋە ھەنبەلىلار ئىمامنىڭ سۇلتان بولۇشىنى جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس بولۇشىغا شەرت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلتاننىڭ ئىمامغا ئىجازەت بېرىشىنى مۇستەھەب دەپ قارايدۇ.

3) ھەنەفىيلەرنىڭ قارىشىچە، جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن جۈمە ئوقۇلىدىغان ئورۇن جۈمە گەدىنىگە چۈشكەن بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق بولۇشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ يىغىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، سەۋەبسىز ئىشلار بولماسلىقى كېرەك. شۇڭا ئىمام ئاخۇنۇم چوڭ بىر قورۇننىڭ ئىچىدە دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى، خىزمەتچىلىرىنى يىغىپ جۈمە نامىزى ئوقۇسا، ئوقۇغان نامىزى دۇرۇس ئەمەس دېيىلىدۇ. ئەگەر جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە مەسچىتنىڭ ئىشىكى ئەركىن قويۇۋېتىلسە، مەسچىت ئىچىدىكى جامائەتكە كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللانسا بولىدۇ.

4) ھەنەفىيلارنىڭ قارىشىچە، جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن جامائەت بولۇشى كېرەك. بۇ شەرتنى بارلىق ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن ئۇلار بۇ جامائەتنىڭ سانى قانچىگە يەتكەندە توشىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلاردا بولغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (ئاللاتائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ قارىشىدا، ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشى بولۇشى كېرەك. چۈنكى جامائەتنىڭ لۇغەت مەنىسى "كۆپچىلىك" دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، شەرئىي ھەرقانداق بىر ئىسىمنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ سانى ئۈچكە يەتكەندە توشىدۇ. ئىمام مۇھەممەد بىلەن ئىمام ئەبۇ يۈسۈف (ئاللاتائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نىڭ قارىشىچە، ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ كىشى بولسا جامائەتنىڭ سانى توشىدۇ دېيىلگەن. مەيلى ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشى بولسۇن، ياكى ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ كىشى بولسۇن، بارلىق ھەنەفىلار بۇ ئۈچ سانىنى ئۆزرەسى بار كېسەلچان، قۇل ياكى مۇساپىرلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن توشقۇزسىمۇ جۈمەنىڭ دۇرۇس ئادا بولۇشىغا قويۇلغان جامائەتنىڭ شەرتى توشىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شافىئىلارنىڭ قارىشىدا، جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس بولۇشىغا قويۇلغان جامائەتنىڭ ئەڭ ئاز سان چەكلىمىسى ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ بولسىمۇ 40 كىشى بولۇشى ھەمدە ئۇ كىشىلەر ئەركىن، ئەر، جۈمە نامىزى ئوقۇش گەدىنىگە پەرز بولغان ھەمدە جۈمە ئوقۇلىدىغان شۇ يۇرتتا دائىملىق ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بولۇشى كېرەك. شۇڭا بۇ ساننىڭ ئىچىگە قۇل، ئايال، كىچىك بالا ياكى مۇساپىرلار كىرەلمەيدۇ، لېكىن ئۇلار جامائەت بىلەن قوشۇلۇپ جۈمە نامىزى ئوقۇسا نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. شافىئىلارنىڭ جامائەتكە قويغان يەنە بىر شەرتى شۇ سان بىلەن بولغان جامائەت جۈمەنىڭ خۇتبىسى باشلىنىپ جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغۇچە تولۇق تۇرۇشى ھەمدە ئىمام نامازغا كىرىپ بىرىنچى راكئەتتىكى رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن ئىقتىدا قىلىپ بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇنىڭدىن كۆپ كىچىكىپ قالسا، جۈمە نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ.

مالىكىلارنىڭ قارىشىدا، جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە 12 كىشى بولۇشى كېرەك ھەمدە ئۇلار: (1) جۈمە نامىزى ئوقۇش گەدىنىگە پەرز بولغان كىشىلەر بولۇشى، (2) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان شۇ يۇرتتا دائىملىق ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بولۇشى، (3) جۈمەنىڭ خۇتبىسى باشلىنىپ ناماز ئاخىرلاشقۇچە تولۇق تۇرۇشى كېرەك.

ھەنبەلىلار خۇددى شافىئىلاردەك جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن جامائەتنىڭ سانى ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ بولسىمۇ چوقۇم 40 كىشى بولۇشى ھەمدە ئۇلار جۈمە نامىزىنى ئوقۇش گەدىنىگە پەرز بولغان كىشىلەر بولۇشى، قۇل، ئايال، كىچىك بالا، مۇساپىر ياكى شۇ يۇرتتا دائىملىق ئولتۇراقلاشمىغان كىشىلەر بولماسلىقى كېرەك، شۇنىڭدەك شۇ جامائەت جۈمەنىڭ خۇتبىسى باشلىنىپ جۈمە نامىزى ئاياغلاشقۇچە باشتىن ئاخىر تۇرۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

5) جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن بۇ ناماز ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىنىشى كېرەك. ھەنەفىلارنىڭ كۆز قارىشىدا جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى پېشىن ۋاقتى بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا سەلەمە بىننى ئەكۋەنىڭ: "بىز رەسۇلۇللا بىلەن كۈن قايرىلغاندا جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان" دېگەن رىۋايىتى بىلەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: "رەسۇلۇللا كۈن قايرىلغان ۋاقىتتا جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان" دېگەن ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈرگەن ھەمدە بۇ كۆز قاراشنى شافىئىلار بىردەك قوللىغان.

ئەمما مالىكىلار بىلەن ھەنبەلىلارنىڭ جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى مەسىلىسىدە ئالاھىدە كۆز قاراشلىرى بولۇپ، مالىكىلار جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن چۈشتە قايرىلغاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغۇچە بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ھەنبەلىلار بولسا جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى ئەتىگەن كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن باشلاپ كۈن قايرىلغۇچە بولىدۇ دەيدۇ، شۇڭا ئۇلار چۈشتىن بۇرۇن جۈمە نامىزى ئوقۇش جائىز، كۈن قايرىلغاندا ئوقۇش

ۋاجىپ دەپ قارايدۇ.

جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى مەسىلىسىدە بۇنداق كۆز قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئىسلام دۇنياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا جۈمە نامىزى پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ.

6) ھەنەفىلەرنىڭ قارىشىدا، جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس ئادا بولۇشى ئۈچۈن جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسى (نۇتۇق)نى سۆزلەش كېرەك.

جۈمە كۈنىدە جۈمە نامىزىدىن بۇرۇن خۇتبە سۆزلەش بارلىق مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا قىلىنىدىغان كەڭ دائىرىدىكى ھەپتىلىك تەلىم-تەربىيە بولۇپ، بۇ جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق دۇرۇس ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك شەرتلەرنىڭ بىرى. ئاللاتائالا بىرگە «قۇرئان كەرىم»دە جۈمەنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاشنىڭ جۈمە نامىزىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى ئاڭلاش جۈمە نامىزى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ۋاجىپ ئىش ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە جاكارلاپ: **"ئەي مۆمىنلەر! سىلەر، جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا ئاللانى ياد ئېتىشكە ئالدىراپ مېڭىڭلار"** دېگەن. بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتتىكى "ئاللانى ياد ئېتىشكە" دېگەن سۆزنى "جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا" دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ خىل تەپسىرنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئابدۇللا بىننى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان: "جۈمە نامىزى ئۇنىڭدىن بۇرۇن خۇتبە كەلگەنلىكى ئۈچۈن قىسقا بولغان" دېگەن ھەدىس بۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ خۇتبە ئوقۇماي تۇرۇپ، جۈمە نامىزى ئوقۇپ باققان ئەمەس. شۇڭا بارلىق ئۆلىمالار جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم نامازدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقۇلۇشى شەرت دەپ بىردەك كۆز قاراشقا كەلگەن.

ھەنەفىلارنىڭ ئېيتىشىدا جۈمە خۇتبىسىنىڭ بىر رۇكنى بولۇپ، ئۇ ھەمدۇسانا، دۇرۇت-سالاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىكىرلەردىن ئىبارەت. ئەمما خۇتبىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن قويۇلغان شەرتلىرى ئالتە بولۇپ، ئۇلار:

(1) خۇتبە نامازدىن بۇرۇن بولۇشى، (2) خۇتبە ئوقۇش نىيەت قىلىنىشى، (3) خۇتبە ئۆز ۋاقتىدا سۆزلىنىشى، (4) خۇتبە سۆزلىگەندە ئەڭ ئاز دېگەندە جۈمە نامىزى گەدىنىگە پەرز بولغان كىشىدىن بىرسى بولۇشى، (5) خۇتبە سۆزلەش جەريانىدا ئارىلىق ئۈزۈپ قويۇلماسلىقى، (6) خۇتبە جامائەت ئاڭلىغۇدەك ھالدا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن سۆزلىنىشى كېرەك.

جۈمە خۇتبىسىنىڭ بىرقانچە سۈننەتلىرى بولۇپ، بۇ سۈننەتلەرنىڭ بىر قىسمى خۇتبە ئوقۇيدىغان ئىمامغا مۇناسىۋەتلىك، يەنە بىر قىسمى ئوقۇلىدىغان خۇتبىگە مۇناسىۋەتلىك. بۇ سۈننەتلەر:

(1) خۇتبە سۆزلەيدىغان كىشى تاھارەت بىلەن بولۇشى، (2) خۇتبە سۆزلەشتىن بۇرۇن مۇنبەردە ئولتۇرۇشى، (3) خۇتبىنى ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىشى، (4) خۇتبە سۆزلىگەندە ھاسىغا ياكى بىرەر تاياقچىغا تايىنىۋېلىشى، (5) خۇتبىنى جامائەتكە يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلىشى، (6) ئىككى خۇتبە ئارىلىقىدا بىرئاز ۋاقىت ئولتۇرۇشى، (7) بىرىنچى خۇتبىدە "ئەئۇزۇ"نى ئىچكى ئاۋازدا باشلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ھەمدۇسانا، دۇرۇت-سالاملارنى، ئايەت-ھەدىسلەرنى، جامائەتكە قىلىدىغان ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئوقۇشى، (8) ئىككىنچى خۇتبىنى جاراڭلىق ئاۋازدا ھەمدۇسانا، دۇرۇت-سالاملار بىلەن باشلاپ، ئاخىردا بارلىق ئەر-ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىشى كېرەك.

بۇ خۇتبىنىڭ جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن شەرت ئىكەنلىكىدە بارلىق ئۆلىمالار ئوخشاش كۆز قاراشتا. شۇڭا بۇ يەردە خۇتبىنىڭ رۇكنى، شەرتى، سۈننىتى دېگەن مەسىلىلەردە باشقا ئۆلىمالارنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆز قاراشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلمايمىز. بۇنىڭ ئىچىدە بىز ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك بولغان جۈمەنىڭ خۇتبىسىنى چوقۇم ئەرەب تىلىدا ئوقۇش كېرەكمۇ ياكى جۈمە ئوقۇيدىغان جامائەتنىڭ چۈشىنىدىغان بىر تىلدا سۆزلەش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە. بۇ مەسىلىگە ھەنەفىلار ناھايىتى قىسقىلا جاۋاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىدا: خۇتبە ئوقۇيدىغان ئىمام خۇتبە ئوقۇلىدىغان ئورۇندىكى جامائەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ شارائىتى قايسى تىلدا خۇتبە سۆزلەشنى تەقەززا قىلسا، شۇ تىلدا سۆزلىسە بولىدۇ. ھەنەفىلار بۇ كۆز قارىشىغا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا قاراپ خىتاب قىلىمىز“ دېگەن ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈرگەن. بۇ ھەدىسنىڭ روھى مەنىسىدىن خۇتبە سۆزلىگەندىمۇ خۇتبە ئاڭلايدىغان جامائەتنىڭ چۈشىنىش ئەھۋالىغا قاراپ سۆزلەيدىغان تىلنى تاللىۋېلىش، كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان تىلدا خۇتبە سۆزلەش كېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

شافىئىلارنىڭ ئېيتىشىدا خۇتبىنىڭ بەش رۇكنى بار بولۇپ، ئۇلار: (1) ئاللاتائالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇش، (2) پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت-سالام ئېيتىش، (3) كىشىلەرنى تەقۋادارلىققا ئۈندەش، (4) ئىككى خۇتبىنىڭ بىرىدە «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر ئايەت ئوقۇش، (5) بارلىق ئەر-ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەگەر ئىمام ئەرەب تىلىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىسە، مۇشۇ بەش رۇكنىنى ئەرەب تىلىدا سۆزلىشى كېرەك. ئەگەر جامائەت ئەرەب تىلىنى چۈشەنمىسە، ئۇ ۋاقىتىدا «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ئايەت ئوقۇش تەلەپ قىلىنغان رۇكنىنى چوقۇم ئەرەب تىلىدا ئورۇندىشى كېرەك، قالغان تۆت رۇكنىنىڭ ئەرەب تىلىدا ئادا قىلىنىشى شەرت ئەمەس.

مالىكىلارنىڭ ئېيتىشىدا خۇتبە چوقۇم ئەرەب تىلى بىلەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر جامائەتنىڭ ئىچىدىن خۇتبىنى ئەرەب تىلىدا ئوقۇيالىغۇدەك ئادەم چىقمىسا، ئۇ كىشىلەردىن جۈمە نامىزىنىڭ پەرزلىكى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار پېشىن نامىزى ئوقۇشى كېرەك.

ھەنبەلىلارنىڭ نەزىرىدە، خۇتبىنىڭ ئاساسلىق تۆت رۇكنى بولۇپ، ئۇلار: (1) ئاللاتائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، (2) پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت-سالام ئوقۇش، (3) «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر ئايەت ئوقۇش، (4) كىشىلەرنى تەقۋادارلىققا ئۈندەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا خۇتبىنىڭ بۇ رۇكنلىرى چوقۇم ئەرەب تىلىدا ئورۇندىلىشى كېرەك. ئەگەر ئەرەب تىلىدا سۆزلىيالمىسا، جامائەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز تىلىدا سۆزلىسە بولىدۇ، لېكىن خۇتبىنىڭ بىر رۇكنى بولغان «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ئايەت ئوقۇش كېرەك دېگەن تەلەپ چوقۇم ئەرەب تىلىدا ئورۇندىلىشى كېرەك، ئەگەر بىر ئايەت ئوقۇشقىمۇ ئىمكانىيىتى يەتمىسە، ئەرەب تىلىدا باشقا تەسبىھ، زىكىرلەرنى ئوقۇسا بولىدۇ، ئەگەر بۇنىمۇ قىلالمىسا، بىر ئايەت مىقدارىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

## 5. جۈمە نامىزى ۋە پېشىن نامىزى

ئۆلىمالار جۈمە نامىزىنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى روھىي ماھىيەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىمكانقەدەر بۇ ”جۈمە“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە ئۇيغۇن بولۇش ھەمدە جۈمە نامىزىنىڭ ئادا قىلىنىشىدىكى ئىلمىي ھېكمەتلەر بىلەن تولۇق ماسلىشىش ئارقىلىق جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق ئادا قىلىنىشى ھەم دۇرۇس بولۇشىغا يۇقىرىقى شەرتلەرنىڭ چوقۇم ھازىرلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ھەمدە بۇ شەرتلەر ھازىرلانماي تۇرۇپ ئوقۇلغان جۈمە نامىزىدىن كېيىن پېشىن نامىزى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ھەنەفىلار ئۇلارنىڭ ئۇتتۇرىغا قويغان جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشىدىكى ئالتە شەرتىنىڭ بىرەرسىنىڭ توشقان ياكى توشمىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلالمايدىغان بىر خىل شەك ھالىتى بولۇپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئېھتىياتەن پېشىن نامىزى ئوقۇش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ مەسىلىنى تاھارەتسىز كىشىنىڭ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا پاك سۇ تاپالماي ئېشەك ئىچىپ قالغان سۇنى ئىشلىتىشى مەسىلىسىگە قىياس قىلغان. ئېشەك ئىچىپ قالغان سۇ مەسىلىسىدە مۇنداق ئىككى رىۋايەت بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئىبنى ئەبباس "ئېشەك ئىچىپ قالغان سۇ پاكىز" دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئۆمەر "ئېشەك ئىچىپ قالغان سۇ پاسكىنا" دېگەن. بۇ ئىككى رىۋايەتتە ئېشەكنىڭ ئىچىپ قالغان سۈيى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ھۆكۈم چىقىرىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى "ئۇ سۇ پاك"، يەنە بىرى "ئۇ سۇ پاسكىنا" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئىككى خىل رىۋايەتتىكى ئىككى خىل ھۆكۈمنىڭ سەۋەبىدىن شۇ سۇنى، سۇ تاپالمىغان كىشىلەر تاھارەت ئېلىشدا ئىشلىتىشكە بولامدۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىدە بىر خىل شەك پەيدا بولغان، ئەمما مۇشۇنداق سۇ ئىشلىتىشكە ئېھتىياجلىق، مۇھىم، ھالقىلىق پەيتتە ئىبنى ئۆمەرنىڭ "ئېشەك ئىچىپ قالغان سۇ پاسكىنا" دېگەن رىۋايىتىنى كۆچلەندۈرۈپ "بۇ سۇ پاسكىنا" دەپ ھۆكۈممۇ چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كىشى ئاۋۋال شۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشى، ئاندىن كېيىن تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇشى كېرەك. ئەگەر شۇ سۇ پاك بولۇپ، ئالغان تاھارىتى دۇرۇس بولسا، ئۇنىڭ نامىزى تاھارەت بىلەن ئادا بولغان بولىدۇ. ئەگەر شۇ سۇ پاسكىنا بولۇپ، ئالغان تاھارىتى دۇرۇس بولمىسا، ئۇنىڭ نامىزى تەيەممۇم بىلەن ئادا بولغان ھېسابلىنىدۇ.

بۇ فىقھى مەسىلىلەردە "ئېھتىياتى ھۆكۈم" دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق ھۆكۈملەر كىشىلەرنى ھەر خىل شەكلەردىن، بىر ئىشنى قىلىپ قويۇپ بولدىمىكىن-بولمىدىمىكىن دېگەن گۇماندىن، ئارىسالدىلاردىن خالىي قىلىدۇ ھەمدە تەپەككۇر قىلىشى پەقەت بەش سەزگۈ ئەزاسىغىلا تايىنىدىغان، ئىنسانلارچە كىچىك ئەقلى بىلەنلا بىر تەرەپلىمىلىك ھۆكۈملەرنى چىقىرىپ قويىدىغان كىشىلەرنى ئاللاتائالانىڭ ئالدىدىكى چوڭ جاۋابكارلىقلاردىن خالاس قىلىدۇ.

شافىئىلارنىڭ قارىشىچە، جۈمەنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن، جۈمە نامىزى ۋە خۇتبىسى ئۆز ۋاقتىدا بولۇشى، ئولتۇراقلاشقان يۇرت ياكى مەھەللە ئىچىدە ئوقۇلۇشى، جامائەتنىڭ سانى ئەڭ ئاز دېگەندە 40 كىشى بولۇشى ھەمدە ئۇلار جۈمە خۇتبىسى باشلانغاندىن تارتىپ جۈمە نامىزى ئاخىرلاشقۇچە تۇرۇشى، جۈمە نامىزى شۇ جايدا بىرقانچە ئورۇندا ئادا قىلىنغان بولسا، شۇ ئورۇنلارنىڭ ئىچىدە جۈمە نامىزىنى ئەڭ ئاۋۋال ئادا قىلغان جامائەت بولۇشى شەرت بولۇپ، بۇ شەرتلەر تولۇق ئورۇندالمىسا، جۈمە نامىزى تەلەپكە لايىق ئادا بولمىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ شەرتلەر ھازىرلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا پېشىن نامىزىنى ئوقۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر يۇرت ئىچىدە بىرقانچە ئورۇندا جۈمە ئوقۇش مەسىلىسىدە ئايرىم كۆز قاراشلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە بىر يۇرتتا ئىمكانقەدەر بىرلا ئورۇندا جۈمە نامىزى ئوقۇلۇشى كېرەك. ئەگەر شۇ يۇرتتىكى جامائەت سىغىشقۇدەك چوڭ مەسچىت بولمىسا، بىرقانچە ئورۇنغا بۆلۈنۈپ جۈمە نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ، لېكىن جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئېھتىياتەن پېشىن نامىزى ئوقۇش مۇستەھەب. ئەگەر بىر يۇرت ئىچىدە ھېچقانداق سەۋەبسىزلا جامائەت بىرقانچىگە بۆلۈنۈپ، بىرقانچە ئورۇندا جۈمە نامىزى ئوقۇسا شۇ يۇرت ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال تەكبىر ئېيتىپ جۈمە نامىزىغا كىرگەن جامائەتنىڭ نامىزى دۇرۇس بولۇپ قالغانلىرى چوقۇم پېشىن نامىزى ئوقۇشى كېرەك.

مالىكىلارنىڭ قارىشىدا جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس، تەلەپكە لايىق ئادا بولۇشى ئۈچۈن، جۈمە نامىزى

ئوقۇيدىغان جامائەت شۇ يۇرتتا دائىملىق ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بولۇشى، جامائەتنىڭ سانى ئەڭ ئاز دېگەندە ئىمامدىن باشقا 12 كىشى بولۇشى، ئىمام بولىدىغان كىشى يەرلىك كىشى بولۇشى، ياكى مۇساپىر بولسا شۇ يۇرتتا تۆت كۈندىن ئارتۇق ئىقامەتنى نىيەت قىلغان بولۇشى، ئىمام بولىدىغان كىشى ئۆزى خۇتبە سۆزلىشى، خۇتبىنى جۇمە نامىزىدىن بۇرۇن سۆزلەپ بولۇشى، جۇمە نامىزى ئالاھىدە جامە مەسچىتىدە ئوقۇلۇشى شەرت، شۇڭا ئۇلار مۇشۇ شەرتلەر ھازىرلانماي تۇرۇپ ئوقۇلغان جۇمە نامىزى تەلەپكە لايىق، دۇرۇس ناماز بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە، بىر جاي ئىچىدە چوقۇم بىرلا ئورۇندا جۇمە نامىزى ئوقۇلۇشى كېرەك، ئەگەر بىرقانچە ئورۇندا جۇمە نامىزى ئوقۇلسا، ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمىي مەسچىتتە ئوقۇلغان جۇمە نامىزى دۇرۇس بولىدۇ، قالغان مەسچىتلەردىكى جامائەتلەر جۇمە نامىزىدىن كېيىن پېشىن نامىزى ئوقۇشى لازىم دەپ قارايدۇ.

ھەنبەلىيلار جۇمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق، دۇرۇس ئادا بولۇشى ئۈچۈن تۆت شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار: (1) جۇمە نامىزى ئۆز ۋاقتىدا ئادا بولۇشى، (2) جۇمە ئوقۇلىدىغان يۇرت ياكى كەنت كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇشى، (3) جۇمە نامىزىغا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ 40 كىشى بولۇشى، (4) ئىككى خۇتبە بارلىق رۇكنلىرى ۋە شەرتلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىنىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلار مۇشۇ تۆت شەرت تولۇق ھازىرلانمىسا، جۇمە نامىزى تەلەپكە لايىق ھالدا ئادا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەنبەلىيلارمۇ بىر يۇرتتا بىرلا ئورۇندا جۇمە نامىزى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىر يۇرت ئىچىدە مەسچىتلەر كىچىك، جامائەت سىغمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، شۇ يۇرتتىكى كىشىلەر بىرقانچە مەسچىتكە بۆلۈنۈپ جۇمە نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا، كەينىدىن پېشىن نامىزى ئوقۇشى مۇستەھەب دەپ قارايدۇ، ئۇلار يەنە، بىر يۇرتنىڭ كىشىلىرى سەۋەبسىزلا بىرقانچە مەسچىتكە بۆلۈنۈپ جۇمە نامىزى ئوقۇسا، شۇ يۇرتنىڭ سۇلتانى (يۇرت باشلىقى) ئىجازەت بەرگەن مەسچىتتىكى جامائەتنىڭ جۇمە نامىزى دۇرۇس بولۇپ، قالغان مەسچىتلەردىكى جامائەتلەرنىڭ پېشىن نامىزى ئوقۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەگەر سۇلتان سەۋەبسىزلا بىرقانچە ئورۇندا جۇمە نامىزى ئوقۇشقا ئىجازەت بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال تەكبىر ئېيتىپ نامازغا كىرگەن جامائەتنىڭ نامىزى دۇرۇس بولۇپ، قالغان مەسچىتلەردىكى جامائەتلەر پېشىن نامىزى ئوقۇشى لازىم دەپ قارايدۇ.

## خۇلاسە

بىز يۇقىرىدا ئىسلام دۇنياسى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان بىردەك ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتقان سۈننىي مەزھەپلەر پېشۋالىرى بولغان تۆت خىل پىكىر ئېقىمىدىكى ئۆلىمالارنىڭ جۇمە نامىزىغا قارىتا بولغان بەزى قاراشلىرىنى سېلىشتۇرما ئاساسىدا بىرقۇر بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بىز بۇ كۆز قاراشلارنى كۆچەيتىش يا ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ياكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويمىدۇق، بەلكى بۇ مەسىلىلەردە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك نەزەر بىلەن تەھلىل قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئىنچىكىلىك بىلەن ئىجتىھات قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى كۆز قاراشلىرىغا يۈزەكى مەلۇماتلار بىلەن باھا بېرىشنىڭ ئەقلىگە تازا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى، ئۇلارنىڭ زور تىرىشچانلىقلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان، ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشلىرى بار ئىلمىي نەتىجىلىرىگە ئالدىراپ-تېنەپلا سەلبىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

دېمەك، ئۆلىمالارنىڭ جۈمە نامىزى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك نەزەر تاشلاپ، ئۇ كۆز قاراشلارنى، بەلگىلەنگەن شەرتلەرنى بىر-بىرلەپ تەھلىل، تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرسەك، بۇلار ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىلەردە ئۆزلىرىچىلا ئەقلىي ئىجتىهاتلىرىنىڭ نەتىجىسىگە تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان بەلگىلىمە، كۆز قاراشلار بولماستىن، بەلكى بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ جۈمە نامىزىنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى روھىي ماھىيەتكە، ئىلمىي ھېكمەتلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار نەزىرى بىلەن قارىغانلىقىنى، ھەربىر مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە ”جۈمە“ دېگەن بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ۋە ئىستىلا مەنىسىنى، ئۇنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى ھېكمەتلەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەربىر مەسىلە ئۈستىدىكى ئىلمىي يەكۈنلىرىنىڭ، كۆز قاراشلىرىنىڭ زور ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندىكىدەك، ”جۈمە“ دېگەن بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىمۇ، ئىستىلا ئاتالغۇسىمۇ، جۈمە نامىزىنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى ئىلمىي ھېكمەتمۇ ماھىيەت جەھەتتىن زور بىر يىغىلىش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي پائالىيەتنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇنىڭغا ئەنسارىلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كېلىشتىن ئىلگىرى بىرلىشىپ ئاچقان جۈمە توغرىسىدىكى يىغىنىنىڭ روھىدىن ھەمدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككەمۇكەررەمەدىن مۇسئەب بىننى ئۇمەيرغا يازغان مەكتۇپىدىكى مەزمۇندىن نەقلىي دەلىل-پاكىتلارنى كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە جامائەتنىڭ سانى، جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان كىشىلەر، جۈمە ئوقۇلىدىغان مەسچىت مەسىلىسىدە باشقا ئۆلىمالاردەك ئالاھىدە شەرتلەرنى قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئۈچ مەسىلىدىكى باشقا ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنىڭ تولۇق ھازىرلىنىشىغا قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرەلايدىغان ئالاھىدە ئۈچ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار: (1) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇن چوقۇم بىز چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن تەبىردىكى چوڭ، ئاۋات بىر يۇرت بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن بىر يۇرتقا تەۋە مەھەللە-كەنتلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىمكانقەدەر شۇ يۇرتنىڭ مەركىزىگە يىغىلىشى كېرەك دېگەن ئۇقۇم ھاسىل بولىدۇ. (2) جۈمە نامىزىغا سۇلتان (يۇرت باشلىقى) ئىمام بولۇشى ياكى سۇلتان ئىجازەت بەرگەن كىشى ئىمام بولۇشى كېرەك. بۇ شەرتتىن بىر يۇرتتا ئالاھىدە بىر چوڭ دىنىي پائالىيەت بولىدىغانلىقىنى، بۇ پائالىيەتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر بىرلا جايغا يىغىلىپ، ئۇنى شۇ يۇرتنىڭ باشلىقى باشقۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر ئورۇن كىچىك بولۇپ بىر جايغا يىغىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، يۇرت باشلىقىنىڭ بىرقانچە ئورۇندا جۈمە نامىزى ئوقۇشقا ئىجازەت بېرىشى ھەمدە ئىماملارنى بېكىتىپ بېرىشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالىمىز. (3) جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇن جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان كىشىلەرگە ئوچۇق بولۇشى كېرەك. بۇ شەرتتىن بىر يۇرت ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇنغا يىغىلىشى ئۈچۈن يول ئوچۇق بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى، بۇنداق بولمىسا، جۈمە نامىزىنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى ھەقىقىي مەقسەت ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز.

شافىئىلار، مالىكىلار ۋە ھەنبەلىلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەنەفىلار ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، لېكىن ئۇلار جۈمە نامىزىغا قاتنىشىدىغان جامائەت مەسىلىسىدە، جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسچىتلەر توغرىسىدا ئالاھىدە شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىز ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان بۇ شەرتلەر ھەنەفىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلىرى بىلەن ئاتالغۇ جەھەتتىن ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن ھاسىل بولىدىغان نەتىجە، مەقسەتلەرنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالىمىز.

شافىئىلار بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندىكىدەك جۇمە نامىزى ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە 40 كىشى بولۇشى، ئۇلار چوقۇم شۇ يۇرتتا دائىملىق ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بولۇشى، شۇ يۇرتمۇ ئولتۇراقلىق يۇرت بىر بولۇشى ھەمدە شۇ يۇرتتا بىرلا ئورۇندا جۇمە نامىزى ئوقۇلۇشى كېرەك دېگەن شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ بۇ شەرتلىرىگە ئىنچىكىلەپ نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ بىر يۇرتتا ئىمكانقەدەر بىرلا ئورۇندا جۇمە نامىزى ئوقۇلۇشى كېرەك دېگەن شەرتى بىر يۇرتقا تەۋە مەھەللە-كەنتلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىمكانقەدەر بىر يەرگە جەم بولۇپ ئالاھىدە يىغىلىش قىلىشىنى كۆرسەتسە، جۇمە ئوقۇلىدىغان يۇرت ئولتۇراقلىق جاي بولۇشى، جۇمە نامىزى ئوقۇش گەدىنىگە پەرز بولغان كىشىلەرنىڭ سانى (كىچىك باللار، ئاياللار، مۇساپىرلار، كېسەلچان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ئەڭ ئاز دېگەندە 40 كىشى بولۇشى ھەمدە ئۇلار شۇ يۇرتتا دائىملىق ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بولۇشى كېرەك دېگەن شەرتلىرى بىزگە، جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكلىمىسى چوڭراق جاي بولۇشى، ئولتۇراقلاشقان ئاۋات جاي بولۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرلا جايدا توپلىشىپ جۇمە نامىزى ئوقۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مالىكىلارمۇ ھەنەفىلار ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، لېكىن شۇ شەرتلەرنىڭ قويۇلۇشىدىكى مەقسىتى بىلەن ئوخشاش نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىرقانچە شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇن ئولتۇراقلىق جاي بولۇشى، جۇمە نامىزى شۇ يۇرتتا پەقەت بىرلا جايدا، ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمىي مەسچىتتە ئوقۇلۇشى كېرەك دېگەن شەرتلىرىگە نەزەر سالساق، بۇ، تۇراقلىق كىشىلىرى بار، ئاۋات بىر جايدا، ئەڭ چوڭ مەسچىتكە ھەممە كىشى يىغىلىپ داغدۇغا بىلەن جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەنبەلىلەرمۇ شافىئىلارنىڭ كۆز قارىشىغا يېقىنلاشقان ئاساستا بىرقانچە شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ شەرتلەرنىڭ ئىچىدىكى جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇن ئەڭ كىچىك دېگەندە كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇشى، شۇ ئورۇندىكى جۇمە گەدىنىگە چۈشكەن جامائەتنىڭ (ئايال كىشىلەر، كىچىك باللار، مۇساپىرلار، كېسەلچان كىشىلەر، قۇللار بۇنىڭ سىرتىدا) سانى ئەڭ ئاز دېگەندە ئىمام بىلەن قوشۇلۇپ بولسىمۇ 40 كىشى بولۇشى كېرەك دېگەن شەرتلىرىدىن، بىز جۇمە نامىزى ئەڭ كىچىك دېگەندە كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان، مەلۇم دەرىجىدە ئاھالىسى بار، ئاۋات بىر جايدا ئوقۇلۇشى كېرەك دېگەن ئوقۇمغا ئىگە بولساق، بىر يۇرتقا تەۋە مەھەللە-كەنتلەردىكى كىشىلەر ئىمكانقەدەر بىرلا جايدا جۇمە نامىزى ئوقۇشى كېرەك، ئەگەر جامائەت سەۋەبسىزلا بىرقانچە ئورۇنغا بۆلۈنۈپ جۇمە نامىزى ئوقۇسا، يۇرت باشلىقى ئىجازەت بەرگەن مەسچىتتىكى جامائەتنىڭ نامىزى دۇرۇس بولىدۇ دېگەن شەرتلىرىدىن، بىر يۇرتقا تەۋە رايون، مەھەللە ۋە كەنتلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىمكانقەدەر شۇ يۇرتنىڭ مەركىزىگە يىغىلىپ، بىرلا جايدا جۇمە نامىزى ئوقۇشى كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمىسا، ئوقۇلغان جۇمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز.

بۇ تۆت خىل پىكىر ئېقىمىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىدىن قارىغاندا، جۇمە نامىزى بىر يۇرتقا تەۋە رايون، كەنت، مەھەللىدىكى كىشىلەر ئىمكانقەدەر شۇ يۇرتنىڭ مەركىزىگە يىغىلىپ بىرلا جايدا ئەڭ چوڭ جامە مەسچىتتە جۇمە نامىزى ئوقۇشى كېرەك، بۇنداق چوڭ، سەلتەنەتلىك، داغدۇغىلىق زور يىغىلىشقا شۇ يۇرتتا ئالاھىدە يۇقىرى دەرىجىلىك، سەۋىيىلىك، ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىر شەخسنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ. مانا بۇ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەرتلەرنى جۇمە نامىزىنىڭ دۇرۇس ھەم تەلەپكە لايىق ئادا بولۇشىغا قويۇشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشلەر بولۇپ، بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلەشكەندە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىسى ئوخشاش، مەقسىتى بىردۇر.

ئەگەر سەلەفى ئۆلىمالىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا جۈمە نامىزى مەسىلىسىدە مۇشۇنداق تىرىشچانلىقلارنى قىلماي، ھازىرقى زاماندىكى بەزى ئۆلىمالىرىمىزغا ئوخشاش ئالدىراپ-تېنەپلا ھۆكۈم چىقىرىپ قويغان بولسا ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ھەپتىدە بىر كېلىدىغان ھەپتىلىك ئۇلۇغ بايرىمىنى يوقىتىپ قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى، ھەتتا گەدىنىمىزگە پەرز بولغان جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆيلەردە ئوقۇپ ئولتۇرغان بولۇشىمىز مۇمكىن ئىدى.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىمىزدىن سەييىدى سابىق ئۆزىنىڭ «فىقھىسسۇننە» دېگەن كىتابىدا «ئەررەۋەدەتۇننەدىيە» دېگەن كىتابتىكى "جۈمە نامىزى باشقا نامازلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا نامازلارغا ئوخشىماسلىقىغا ھېچقانداق پاكىت يوق" دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: "بۇ سۆز، جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇن مىسىر بولۇشى، ئىمام سۇلتان بولۇشى، جامائەتنىڭ سانى توشۇشى كېرەك دېگەن شەرتلەرنى رەت قىلىدۇ، بۇ شەرتلەرنىڭ ۋاجىپ ياكى جۈمە نامىزىنىڭ شەرتى بولۇشىغا دەلىل-پاكىت بولۇشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مۇستەھەب بولۇشىغىمۇ دەلىل يوق. ئەگەر ئىككى كىشى باشقا ھېچكىم يوق بىر جايدا جۈمە نامىزى ئوقۇسا، پەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ، ئەگەر بىرسى خۇتبە سۆزلىسە سۈننەتنى ئادا قىلغان بولىدۇ، ئەگەر ئىككىسىلا خۇتبىنى تاشلاپ قويسا، ئۇ بىر سۈننەت. ئەگەر تارىق بىننى شىھابنىڭ 'ھەربىر مۇسۇلمان كىشى جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك' دېگەن سۆزى ۋە 'پەيغەمبىرىمىز ئۆز دەۋرىدە جامائەتسىز جۈمە نامىزى ئوقۇپ باقمىغان' دېگەن رىۋايىتى بولمىغان بولسا، كىشىلەر جۈمە نامىزىنى يالغۇز-يالغۇز ھالدا ئوقۇسىمۇ كۇپايە قىلاتتى".

بىزنىڭچە، بۇ خىل كۆز قاراش ئانچە ئىلمىيلىككە ئىگە ئەمەس ھەمدە بۇ جۈمە نامىزىنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى ھەقىقىي ماھىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە، جامائەتنىڭ جۈمە نامىزىدىكى ئەھمىيىتىگە سەل قارىغانلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق قاراش ئەنسارىلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئاچقان جۈمە كۈنى توغرىسىدىكى يىغىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇسئەب بىننى ئۇمەيرگە يازغان مەكتۇپىدا "خوتۇن، بالا-چاقىرىلىڭلارنى يىغىپ" دېگەن سۆزى بار. بۇ سۆزدىن جۈمە نامىزىنىڭ چوقۇم جامائەت بىلەن ئادا قىلىنىشى كېرەك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، ئۇستاز سەييىدى سابىقنىڭ "ئەگەر ئۇلار ئىككىسىلا خۇتبىنى تاشلاپ قويسا، ئۇ بىر سۈننەت" دېگەن سۆزى خۇتبە ئوقۇماي ئادا قىلىنغان جۈمە نامىزىمۇ دۇرۇس دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش ئىبنى ئۇمەر بىلەن ئائىشە (ئاللاتائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نىڭ "جۈمە نامىزى ئۇنىڭدىن بۇرۇن خۇتبە كەلگەنلىكى ئۈچۈن قىسقا بولغان" دېگەن رىۋايىتىگە خىلاپ، چۈنكى بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن جۈمە خۇتبىسىنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، جۈمە نامىزىنىڭ قىسقا ئىككى راكئەتلا بولۇشى پەقەت ئۇنىڭدىن بۇرۇن خۇتبىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئۆلىمالار «سۈرە جۈمە»دىكى "سىلەر ئاللانى ياد ئېتىشكە ئالدىراپ مېڭىڭلار" دېگەن ئايەتنى "سىلەر جۈمەنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ مېڭىڭلار" دەپ تەپسىر قىلغان. بۇنىڭدىن جۈمەنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى، جۈمەدىن بۇرۇن چوقۇم خۇتبە ئوقۇلۇشى كېرەكلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بەزىلەر، ھەنەفىلارنىڭ جۈمە نامىزىنىڭ تەلەپكە لايىق، دۇرۇس ئادا بولۇشى ئۈچۈن، جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئورۇن "مىسىر" بولۇشى شەرت دېگەن قارىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، تۆۋەندىكى رىۋايەتنى دەلىل كەلتۈرگەن. رىۋايەتتە: ئىسلام دىنىدا مەدىنىمۇنەۋۋەرەدىن باشقا ئەڭ ئاۋۋال جۈمە نامىزى ئوقۇلغان ئورۇن

www.uyghurkitap.com

جەۋاسا كەنتى بولۇپ، ئۇ بەھرەيىننىڭ ئەبۇلقەيس كەنتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا جەۋاسا كەنتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇشقا بولامدۇ؟ دەپ سوراپ خەت يازغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ: "سەن ئۇ يەردە ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردا جۈمە نامىزى ئوقۇغىن" دەپ جاۋاب خېتى يازغان. بىزنىڭچە بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ جەۋاسانى "كەنت" دەپ قەيت قىلىشى، ھەنەفىلارنىڭ "مىسىر"غا بەرگەن تەبىرى بىلەن زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ جەۋاسا دېگەن كەنت بەھرەيىننىڭ بىر قورغانى بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئەمەلىي ئەھۋاللار ھەنەفىلارنىڭ "مىسىر"غا بەرگەن تەبىرگە مۇۋاپىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ "كەنت" دېگەن ئىسىمنى ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە "مەككەمۇكەررەمە، تائىفە شەرىف"لەرگە قارىتا ئىيتقان ھەمدە مەككەمۇكەررەمەنى ئالاھىدە ھالدا "كەنتلەرنىڭ ئانىسى" دەپ ئاتىغان. مۇشۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇكى، ئىككى خىل كۆز قاراش "كەنت" دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى بىلەن ئىستىلا مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپتىن كېلىپ چىققان.

يەنە بەزىلەر "تۆت ئىش يۇرت باشلىقلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇلار: ئولجا تەقسىم قىلىش، ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش، زاكات مالى ئېلىش، جۈمە نامىزى ئوقۇش ئىشلىرىدىن ئىبارەت" دېگەن ھەدىسنى پەيغەمبىرىمىز دېمىگەن ھەم شۇ دەۋردە ياشىغان ساھابىلەرمۇ دېمىگەن، ئۇ پەقەت ھەسەن بەسەرىنىڭ سۆزىدىنلا ئىبارەت، شۇڭا بۇ سۆزنى دەلىل قىلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بىز بۇ يەردە ھەدىسنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، جۈمە كۈنىدىكى كەڭ كۆلەملىك زور يىغىلىشنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنداق پائالىيەتنى ئالاھىدە مەنسەپكە ئىگە، سەۋىيىلىك، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بىر كىشىنىڭ خۇتبە سۆزلىشى، ۋەز-نەسىھەت قىلىشى، مۇھىم ئىشلارنى جاكارلىشى، جۈمە نامىزىنى باشلاپ ئوقۇپ بېرىشى زۆرۈر دېگەن قاراش ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا بۇ شەرت زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغىلىمۇ بولىدۇ.

دېمەك، بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ھەربىر مەسىلىگە چىقارغان ھۆكۈمى ياكى قويغان شەرتى ئۇلار ئۆزلىرىچىلا ئوتتۇرىغا قويغان بەلگىلىمە بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش، تەھلىل قىلىش، ئىستىنبات قىلىش (ئايەت، ھەدىسلەردىن ھۆكۈملەرنى چىقىرىش) ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈپ ياشىغان ئىلمىي ھاياتىنىڭ قىممەتلىك نەتىجىسى. ئۇلار ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئىسلام دىنىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.(پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن).

**(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئۈرۈمچى ياڭخاڭ جامەسىنىڭ ئىمامى ۋە خاتىپى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستازى؛ ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

## قادىر قارىي ھاجى مائارىپقا ئىئانە ئاتىدى

يوپۇرغا ناھىيىسى تېرىم يېزىسىنىڭ زارات 13-كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بۇلتۇر تېرىغان كېۋەزلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، مەكتەپنىڭ قوشۇمچە كىرىمى ئازىيىپ قېلىپ، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشتا قىيىنلىپ قالغانىدى. بۇ كەنتتىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمامى قادىر قارىي ھاجى مەكتەپنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ئۆز يېنىدىن 200 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىپ، ئاز بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلىدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بۇ دىنىي زاتنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىدىن كۆپ سۆيۈندى. **(سادىر سابىر)**

# مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيلىك ئەدەب پەزىلەتلىرى

□ چېن گۇاڭيۈەن

ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى، ھەربىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك نەمۇنىلىك رولنى ھەر جايدا نامايان قىلىشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ ھەرىكەتتە دۇرۇس بولۇش، سۆزدە لاتاپەتلىك بولۇش، ئىش بېجىرىشتە ئادىل بولۇش، تۇرمۇشتا تەرتىپلىك بولۇشتۇر. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىز مەدەنىيلىك ئەدەب پەزىلەتلىرىگە ئىگە مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىمىز لازىم.

ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: **”سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللا نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللانى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل-مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللانىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر“** (2-سۈرە «بەقەرە»، 177-ئايەت).

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتتە ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلىدىغان پۈتكۈل كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بەندە بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى ۋە بەندە بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مېغىزلىق ھالدا بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ مەزمۇن يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈلگەن.

بەندە بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق مۇناسىۋەتتۇر. ۋەھالەنكى بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ئاساسىي مەزمۇن ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئىبادەت قىلىش، شۇنداقلا ئاللا مەڭگۈ بىز بىلەن بىرگە دەپ تونۇشتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا ھەرقانداق جاي ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا مەڭگۈ غېرىبلىق ھېس قىلماي، كۆڭۈلنى مەڭگۈ توق تۇتۇپ، ئۆزىنگ بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىككە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ بارلىق كۈچ-قۇدرىتىمىزنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: **(”تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ“** (13-سۈرە «رەئد»، 28-ئايەت).

ياد ئېتىش ۋە ئاللاغا ئىبادەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللا ئالدىدا چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك تۈپ مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيلىق پەزىلىتىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك قىممەت قارىشىدۇر.

ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇسۇلمانلاردىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەر جايدا كىشىلەرگە راستچىللىق، كەڭ قورساقلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 1. راستچىل بولۇش

راستچىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلەت ئەدەبلىرىدىكى تۈپ مەزمۇنلارنىڭ بىرى. سۆز-ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، راستچىل ۋە كەڭ قورساق بولۇش مۇسۇلمانلاردا چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت ۋە ئەڭ تۈپ

www.uyghurkitabi.com

ئەخلاق ئۆلچىمى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ بىز مۇسۇلمانلاردىن كۈتىدىغان تۈپ تەلىپى، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە، پەقەت راستچىللىقلا ھەققانىيەتتۇر، ئىمانىمىزنىڭ ئۇلى ۋە ھاياتلىقىمىزنى تۈۋرۈكىدۇر. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار"** (9-سۈرە «تەۋبە»، 119-ئايەت). راستچىل كىشىلەرنى ئاللا بەك ياقتۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم راستچىل بولۇشنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆلچىمى قىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ ساختىلىق قىلماسلىقىمىز، ساختىلىقنى ئادەم بولۇش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن تېخىمۇ ساقلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى يالغانچىلىق ۋە ساختىلىق بىر كىشىنى ئاللانىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئىمانى ساختا "مۇناپىق" يولىغا باشلايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەر راستچىل بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتنى ساقلاڭلار، چۈنكى راستچىللىق سىلەرنى ھەققانىيەتكە باشلايدۇ، ھەققانىيەت سىلەرنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ".**

راستچىللىق يالغۇز ئاللانى خۇشال قىلىدىغان توغرا يول بولۇپلا قالماي، بەلكى رېئال تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭمۇ يولىدۇر … ، ھەققانىيەت ۋە راستچىللىق بىزنى ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت شەرىپىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

راستچىللىق پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسىدۇر، بارلىق ھەرىكەت مۇددىئاسى چوقۇم پاك بولۇشى، ساختا بولماسلىقى، شۇنداقلا نام-ئابرۇي تاماسىدا بولماسلىقى لازىم. مانا بۇ بىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل پەزىلەتتۇر.

## 2. مۇئامىلىدە سەممىي بولۇش

كىشىلەرگە سەممىي مۇئامىلىدە بولۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ئۆزىنىڭ پايدا-مەنپەئىتىنى يېپىدىن يىغىنسىگىچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىق، شۇنداقلا كۈچلۈك دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش، مانا بۇلار بىر مۇسۇلماننىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا تەقۋادارلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى.

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بىر خىل گۈزەل پەزىلەت بولۇپ، ئۇ ئادەمنى نەپسى خاھىشىنى بېسىۋېلىش، ھېسسىياتىنى تىزگىنلەش، ھەرىكىتىنى توغرىلاش مەقسىتىگە يەتكۈزەلەيدۇ.

بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ساھابىسىدىن: **"سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا قانداق ئادەم باتۇر ۋە كۈچلۈك سانىلىدۇ؟"** دەپ سورىغاندا، ئۇلار: "چېلىشتا ھېچكىم يىقىتالمىغان كىشى" دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"ئۇنداق ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان كىشى شۇنداق ئادەمدۇر"** دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە يەنە، ئەپۇ قىلىش ۋە يارىشىشنىڭ ئاللا رازى بولىدىغان پەزىلەت بولۇپ، بۇنداق پەزىلەتنى يېتىشتۈرگەن ئادەملەرنىڭ چوقۇم ئاللانىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قىيامەت كۈنى كەلگەندە، بىر پەرىشتە ئاللانىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىدىغانلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىڭلار دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنى ئەپۇ قىلغان كىشىلەردۇر".** بۇنىڭدىن، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشنىڭ قانداق ياخشى نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مۇلايىم بولۇش، سەۋرچانلىق بىلەن باشقىلارغا يول قويۇش ئىمانغا ياتىدىغان پەزىلەتتۇر، شۇنداقلا بىز دائىم ئېيتىدىغان "مۇلايىملىق—ئالىيجانابلىقتۇر" دېگەنلىكتۇر. مۇلايىملىق، سەۋرچانلىق بىلەن باشقىلارغا يول قويۇش مۇسۇلمانلاردا چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئاجىزلىق، قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ئىسلام دىنى مۇلايىملىق، سەۋرچانلىق بىلەن يول قويۇش ۋە كەڭ قورساقلىقنى كىشىلەرنىڭ روھىنى پاكلاشتۇرۇپ، ئۆچ-ئاداۋەتنى ساقىت قىلىدىغان نازاكەتلىك پەزىلەت دەپ ھېسابلايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "**سىلەرگە بىپەرۋالىق، قوپاللىق قىلغان كىشىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن يول قويۇڭلار، سىلەرگە ئادىل مۇئامىلىدە بولمىغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىڭلار، رەھىمسىزلىك قىلغان كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىڭلار، سىلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن كىشىلەر بىلەن ئۆزلۈكۈڭلاردىن ئالاقە ۋە دوستلۇقتا بولۇڭلار**" دېگەن. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: "**(ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلىڭلار، كەچۈرۈڭلار. ئاللانىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟**" (24-سۈرە «نۇر»، 22-ئايەت).

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى تاۋلاپ، ئۇلارنى بەك يۇقىرى ئىدىيە مەنزىلىگە يەتكۈزۈش جەھەتتىكى تۈپ تەلىپى. مۇبادا ھەممە كىشى بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، جەمئىيەتتە چوقۇم تىنچلىق ۋە ئىناقلىق بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، كىشى بىلەن كىشى، تەشكىلات بىلەن تەشكىلات، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار تۈگىمەستىن، مۇقەررەر ھالدا قالايمىقانچىلىق ۋە ئۇرۇش كېلىپ چىقىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ھالبۇكى، ئىجتىمائىي رېئاللىقتا ھەر دائىم مۇشۇنداق ئىناقسىزلىقلار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىراق بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھى ئەمەس. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: "**(پۈتۈن سۆز-ھەرىكەتلىرىڭلاردا) ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، ئاللا ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر**" (8-سۈرە «ئەنفال»، 46-ئايەت).

## 3. سەۋرچان بولۇش

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە سەۋرچان ۋە تاقەتلىك بولۇش ئوخشاشلا ئىمان ۋە ئىنسانىي پەزىلەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. چۈنكى سەۋر كۈچى ھەممە جەھەتتە ئاللانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن كەلگەن. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللادىن) ياردەم تىلەڭلار**" (2-سۈرە «بەقەرە»، 45-ئايەت). «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: "**ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر**" (103-سۈرە «ئەسر»، 2—3-ئايەتلەر).

سەۋرچان بولۇش ھەربىر مۇسۇلماندا كەم بولسا بولمايدىغان تەبىئەتتۇر. چۈنكى كىشىلەر بۇ مۇرەككەپ دۇنيادا ياشاش جەريانىدا ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمان سانالغان ھەرقانداق كىشى چوقۇم ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا قارىتا توغرا مۇئامىلە قىلىپ ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغاندا ئاللاغا شۈكۈر ئېيتىشى، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا ئاللانىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. بۇ يەنە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىمانىنىڭ كامىل ياكى كامىل ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان سىناقتۇر. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: "**بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن، ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ.**" (2-سۈرە «بەقەرە»، 155—156-ئايەتلەر).

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى سەۋرچان بولۇش ۋە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى كۆچەيتىشكە، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتماسلىق ياكى پەس كۆرمەسلىك، ئۇتۇق قازانغاندا مەغرۇرلانماسلىق، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا بەل قويۇۋەتمەسلىك خىسلىتىنى ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "**سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىش بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر**"، "**ئەگەر (يۇقىرىقى**

**ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا ئاللادىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر"** (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 186-ئايەت).

سەۋر قىلىش ئەمەلىيەت داۋامىدا سىنىلىشى كېرەك، بىر ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدىلىكى ھەرقانداق ئۈمىدسىزلىك ۋە قىيىنچىلىق ئالدىدا چوقۇم بوشاشمايدىغان، چۈشكۈنلەشمەيدىغان، ئارقىغا يانمايدىغان، ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان بولۇشتىن ئىبارەت. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: **"...پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ"** (39-سۈرە «زۇمەر»، 10-ئايەت).

## 4. بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىش، بىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەش

بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىش، بىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەش ئىسلام دىنىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ، پەقەت بىلىملا سېنى توغرا يولغا (ھىدايەتكە) باشلىيالايدۇ دەپ قارايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە بىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەدىسلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، **"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرز"**، **"ئىلىم تەلەپ قىلىشىڭلار بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولسۇن"**. يەنە مۇنداق بىر جۈملە ئەقلىيە بار: "ئالىمنىڭ سىياسى شېھىتلەرنىڭ ئىسسىق قېنىدىنمۇ ئەزىز"، بۇ سۆز نېمىدېگەن چوڭقۇر مەنىلىك ھە! «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ"**(39-سۈرە «زۇمەر»، 9-ئايەت).

ئىسلام دىنى ئىلىمگە ئىنتىلىش ھەمدە ئىلىمگە تايىنىپ تۇرۇپ ھەقىقەت ئىزدەش، ھەق-ناھەقنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دەل ئاشۇنداق ھەقىقەتكە ئىنتىلگۈچى، سىرلار ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى، ئىلىمنى ئاچقۇچى ئالىملار ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: **"بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملار چۈشىنەلەيدۇ"** (29-سۈرە «ئەنكەبۇت»، 43-ئايەت).

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى تەبىئەتنى كۆزىتىشكە، ھەقىقەت ئىزدەشكە، ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئاللا سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا قارارلاشتۇردى، چۈشىنىدىغان قەۋملەر ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق. ئاللا بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى ..."** (6-سۈرە «ئەنئام»، 99—100-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەر كىشىلەرنى بۇ رەڭگارەڭ دۇنيانى كۆزىتىشكە، ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇرى ئارقىلىق، ياراتقۇچىنى تونۇشقا ۋە ھاياتلىقنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ يېتىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"'ئى پەرۋەردىگارىم ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!' دېگەن"** (20-سۈرە «تاھا»، 114-ئايەت). ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىملىرى خۇددى پايانسىز ئوكياندەك چەكسىز بولۇپ، ئۇلارنى ئۆگىنىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھەربىر مۇسۇلمان تىرىشىپ ئۆگىنىشى لازىم. پەقەت بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە بىرقەدەر يۇقىرى ئىلىم ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلغىلى، بۇنىڭ بىلەن ئىمانىنىڭ پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىرنەچچە ئايەتلەرگە ئاساسەن يۇقىرىقىدەك چۈشەنچىلەرنى بېرىشىمىزدىكى سەۋەب، ئاساسلىقى بىر مۇسۇلماندا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە پەزىلەت، كىشىلىك قاراش ۋە ئەخلاق قارىشى بولۇشى، يەنى ئۇ راستچىل، كۆكسى-قارنى كەڭ، چىدامىلىق، ئىجتىھاتچان (ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان) بولۇشى كېرەك. ھەممىمىز مەدەنىيلىك ئەدەب پەزىلەتلىرىگە ئىگە مۇسۇلمانلاردىن بولايلى!

(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان، تەرجىمە تەھرىرى: **شەمشىدىن ھاجى**)

# ئىسلام دىنىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىمى

□ ھەبىبۇللا مەخسۇم □

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت ھاياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان پاك، مۇقەددەس دىن بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە تەن-سالامەتلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ساقلىقنى ساقلاش، جۈملىدىن يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەلىمىنى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى پاك، دىيانەتلىك بولۇشقا، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، ھەرقانداق جايدا تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە جامائەت سورۇنلىرىغا ئارىلاشقان چاغلاردا ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تەن-سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن ساقلىقنى ساقلاش تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، شۇنداقلا يۇقۇملۇق كېسەللەرنى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا يۇقتۇرۇپ قويۇشتىن چەكلەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **”ئەگەر سىلەر بىر زېمىندا ۋابا (تائۇن) كېسلى تارقالغانلىقىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە بارماڭلار؛ ئەگەر ئۇ سىلەر تۇرغان زېمىندا تارقالسا، ئۇ يەردىن سىرتقا چىقماڭلار“.** يەنە مۇنداق دەيدۇ: **”ماخاۋ كېلىسىگە گىرىپتار بولغان كىشىدىن خۇددى شىر-يولۋاستىن قاچقاندەك قېچىڭلار“.**

ئىسلام دىنىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش تەلىمى ئىنسانلارغىلا ئەمەس، ھايۋانلارغىمۇ قارىتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”كېسەل تۆگە باققۇچىنىڭ (تۆگىلىرىنى) ساق تۆگە باققۇچىنىڭ (تۆگىلىرى) قېشىغا يېقىن كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ“.**

يۇقىرىقى ھەدىسلەر يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنى ساق كىشىلەرنىڭ يېنىغا يېقىن بارماسلىققا، ساق ھايۋانلارنىمۇ كېسەل ھايۋانلارنىڭ يېنىغا يېقىن يولاتماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

ئىسلام دىنى ھەر تۈرلۈك سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىنسانلارنىڭ جەسىتىنى تېز دەپنە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى توغرا تەلىماتلىرىنىڭ بىرىدۇر. كىشىلەرگىمۇ ئايانكى، جەسەتلەر تېز چىرىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ۋاقتىدا دەپنە قىلىنمىسا، ساق كىشىلەر ئارىسىدا يۇقۇملۇق كېسەللەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىقى تەلىملىرى، جۈملىدىن ھازىرقى تىببىي ئىلىملەرمۇ شۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇكى، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، يۇقۇملۇق مەرەزلەردىن مۇداپىئەلىنىش ھەققىدىكى تەلىماتلىرىغا چوقۇم ئەگىشىپ، ھەممە جايدا ۋە ھەممە ئىشتا تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزلىرىنىڭ، جۈملىدىن باشقا خەلقنىڭ تەن-ساغلاملىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئاسرىشى ھەم بۇ جەھەتتە ئۈلگە بولۇشى كېرەك. مۇبادا كىمكى ئۆزىدە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالامەتلىرىنى سەزسە چوقۇم دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كۆرۈنۈشى، سەھىيە خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، جامائەت سورۇنلىرىغا قاتنىشىشتىن ئۆزىنى چەكلەپ، ئۆزىنىڭ يۇقۇملۇق كېسلىنىڭ تاراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

(ئاپتور: گۇما ناھىيە بازىرى تۆگمەنبېشى كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى؛ ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن!

# ھاراقنىڭ زىيىنى

ئابدۇسەمەت قارىي مەخسۇم

ئاللاتائالا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە ھاراق توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: "ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلىگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىشلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراق ئىچىشتىن، قىمار ئويناشتىن) يانامسىلەر؟" (5-سۈرە «مائىدە»، 90—91-ئايەتلەر).

قېرىنداشلار! يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن ھاراق ئىچىشنىڭ ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، چۈنكى، ئاللاتائالا نەچچە قېتىم ئايەت چۈشۈرۈپ ئۇنى ھارام قىلغان.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرىدىمۇ ھاراقنىڭ ھاراملىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. "ھاراق جىمى ئىپلاسلىقنىڭ ئانىسى، ئۇنى كىم ئىچسە ئاللاتائالا ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەگەر شۇ ھاراقنىڭ ھىدى قورسىقىدا بار ھالەتتە ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۆلۈكى جاھىلىيەت بەندىسى (مۇشرىك) قاتارىدا بولىدۇ" («خەۋەرلەر يۈرىكى»، 44-بەت). "مېنى ھەققىي بىر پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھاراق ئىچكۈچى كىشىلەر تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە قۇرئان دېگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە مەلئۇندۇر" («خەۋەرلەر يۈرىكى»، 45-بەت).

يۇقىرىقى ھەدىستىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ھاراق يالغۇز بىزگىلا ھارام قىلىنغان بولماستىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگىمۇ ھارام قىلىنغان.

شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنى توسقان ۋە بىزگە ھارام قىلغان بۇ ئىشتىن يانمىساق ئاقىۋىتىمىز جەزمەن ياخشى بولمايدۇ. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاتائالا ھاراق ئىچىشنى ھېچ سەۋەبسىزلا يامان كۆرگەن ھەم چەكلىگەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئادەمگە، جەمئىيەتكە بولغان زىيىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەندىلىرىگە كۆيۈنگەنلىكتىن ئۇنى چەكلىگەن ھەم يامان كۆرگەن. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزكى، ھاراق كىشىلەرنى كۆپ ھاللاردا يامان يولغا باشلايدۇ، ئۇزاق مۇددەت ھاراق ئىچكەن كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۈكسىلەلمەيدۇ، ھاراقخۇمارلىق ئۇلارنى ھورۇنلۇق، يوقسۇللۇق ۋە ئائىلە ۋەيرانچىلىقىغا دۇچار قىلىدۇ.

ھاراقنىڭ يەنە سالامەتلىككە بولغان بىۋاسىتە زىيىنى بەكمۇ چوڭ. بىرىنچىدىن، ھاراق ئىنسانلارنى يۈرەك، جىگەر، ھەتتا راك كېسەللىكىگە گىرىپتار قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھاراق ئىنسانلارنىڭ ئاشقازان كېسەللىكىگە يولۇقۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. چۈنكى ھاراق كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان تولىمۇ ئاچچىق ئىچىملىك بولۇپ، ئۇنى ئۇزاق مۇددەت ئىچكەندە ھاراق تەركىبىدىكى كۆيدۈرگۈچ ئىسپىرت ئاشقازاندىكى (تاماقنى ھەزىم قىلىدىغان) ئاشقازان تىرىپلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق پارچىلاش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، ھاراقنى كۆپ ئىچكەن

كىشىلەر تاماق سىڭدۈرەلمەيدىغان، كۆپ ياندۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئېغىرلىرىنىڭ ئاشقازىنى كېرەكتىن چىقىدۇ، ئاقىۋەتتە ئاشقازان ئوپېراتسىيىسىگە چۈشىدۇ. قىسقىسى، ساغلام، ئېسىل بىر ئادەم ھاراقنى تاشلىيالماسلىق سەۋەبىدىن ئۆلەمجان، گۇناھكار ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھاراقكەش ئەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى جىنسىي ئىقتىدار جەھەتتىن چېكىنىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ، ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان ئەر-ئاياللاردىن تۆرەلگەن بالىلارنىڭ تولىسى ئەقلى چولتا، مەتو، كالۋا بولۇپ يېتىلىدۇ. تۆتىنچىدىن، ھاراق ئىنسانلارنىڭ جىگەر قېتىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ خىل كېسەلنىڭ خەتىرى چوڭ بولۇپ، بالدۇرراق داۋالانمىسا جىگەر يېرىلىدۇ-دە، كېسەلنىڭ ھاياتى شۇ ھامان تۈگەيدۇ.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، بىز ئاللاتائالانىڭ بەندىسى، رەسۇلۇللانىڭ ئۇممىتى ۋە بىر ئەقىللىق ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھاراقتىن ئىبارەت ھەممىگە زىيانلىق بۇنداق ھارام نەرسىگە يېقىن يولىماسلىقىمىز كېرەك، ئەگەر شۇنداق قىلىپ قويغانلىرىمىز بولساق، ئاللاتائالادىن مەغپىرەت تىلەپ، بۇنداق گۇناھتىن قول ئۈزۈشىمىز، بۇ دۇنيالىق بەخت-سائادەتلىرىمىزنى ھەم ئاخىرەتلىك ئاقىۋىتىمىزنى ئويلىشىمىز لازىم. ئۇلۇغ مېھرىبان ياراتقۇچىمىز بىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى ھاراق ۋە باشقا بارلىق كەيپ، زەھەرلىك خۇمار ئاپىتىدىن ساقلىسۇن، ئامىن!

**(ئاپتور: قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا 16-كەنت 1-مەھەللىدىن؛ ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

# تاماكىنىڭ زىيىنى

**□ ئىمىنجان داۋۇد**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاپەتلەردىن ئازاد قىلىپ، ئۇلارنى تەرەققىياتقا چاقىرىدىغان بۈيۈك، ئىلغار، ئىلمىي دىن بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى پاكىز، ساغلام، بەختلىك ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى يۇقىرىسى دۆلەتتىن تارتىپ تاكى ئائىلە ھاياتىغىچە بولغان ھەربىر ئىجتىمائىي ھاياتقا مۇئەييەن قانۇن-تۈزۈم ۋە پرىنسىپلارنى بېكىتكەن. شۇڭا بىز دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ھەربىر تۈزۈمگە ۋە پرىنسىپقا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، دىنىمىز چەكلىگەن ھەربىر ئىشتىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز، ساغلام، بەختلىك ياشىشىمىز ئۈچۈن دىنىمىزنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشىمىز لازىم ئىدى، بىراق بەزى مۇسۇلمانلار توغرا تەشەببۇسلارنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇ پرىنسىپال پەرھىزلەردىن چەتنەپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالماي، ئۆزىگە زىيان سېلىۋاتىدۇ، تاماكا چېكىش ئەنە شۇنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامىتىدۇر.

پەن-تېخنىكىنىڭ بارغانچە راۋاجلىنىشىغا ۋە ئومۇملىششىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر تاماكىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زىيىنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتمەكتە. شۇنداقتىمۇ ئارىمىزدا تاماكا چەككۈچىلەر يەنىلا كۆپ، ئۇلار ئۆزىگىلا زىيان سالماستىن باشقىلارغىمۇ زىيان سېلىۋاتىدۇ.

تاماكىنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك ئاساسلىق زىيىنى بار:

**بىرىنچى، تاماكىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا بولغان زىيىنى** ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ تەن-ساغلاملىقىغا ۋە بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارغا پاك نەرسىلەردىن مەنپەئەتلىنىشنى، نىجىس

www.uyghurkitap.com

نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاللاتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "**ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ**"(7-سۈرە«ئەئراف»، 157-ئايەت).

تاماكا تەركىبىدە كۆپ مىقداردا زىيانلىق ماددىلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بەدىنىگە ئەڭ زىيانلىق بولغىنى ئاساسلىقى نىكوتىن، كوكس مېيى، كاربون( Ⅱ )ئوكسىدى قاتارلىق ماددىلاردۇر. كوكس مېيى تەركىبىدىلا ئون نەچچە خىل زىيانلىق ماددا بولۇپ، ئۇلار تاماكا چەككۈچىدە راك كېسىلى، جۈملىدىن كاناي راكى، ئۆپكە راكى قاتارلىق راكلارنى، شۇنداقلا ئۈچەي يارىسى، قان يېتىشمەسلىكتىن بولىدىغان يۈرەك كېسىلى، ئاشقازان ۋە ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى ۋە باشقا ھەر خىل كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ جېنىنى قوغداشقا، ئەقلىنى قوغداشقا، ئىقتىسادىنى قوغداشقا، دىنىنى قوغداشقا ۋە ئابرۇيىنى قوغداشقا بۇيرۇيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرگە بىرىنچى بولۇپ بۇيرۇغىنى جاننى قوغداش، تەن ساغلاملىقىغا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. چۈنكى تەن ساغلام بولمىسا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگىلى ھەم باشقا ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا جاننى قوغداش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "**ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار**" (2-سۈرە «بەقەرە»، 195-ئايەت).

ھازىر ئالىملارمۇ تاماكىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زور زىيىنى ھەققىدە ئورتاق تونۇشقا ئىگە. تاماكا ئىنسانلارنى ھەقىقەتەن بىئەجەل ئۆلۈم گىرداۋىغا باشلايدىغان يوشۇرۇن قاتىلدۇر.

تاماكا ئىنسانلارنى ھەر جەھەتتىن زەھەرلەيدۇ، ئۇنىڭ زىيىنىلا باركى، ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "**زەرى (يەنى بەتبۇي، ئاچچىق تىكەن) كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ**" (88-سۈرە «غاشىيە»، 7-ئايەت). تاماكا بولسا كىشىلەرنى سەمرىتىش تۇرسۇن، ئاچلىقتىنمۇ قۇتقۇزالمايدۇ، بەلكى كىشىلەرنى روھىي چۈشكۈنلۈككە، خامۇشلۇققا، لايغەزەللىككە ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، تاماكا كىشىلەرنىڭ تېنىگە ھەم روھىغا تەڭلا زىيانلىقتۇر.

**ئىككىنچى، تاماكىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىغا بولغان زىيىنى** تاماكا چېكىش كىشىلەرنى پاراۋانلىقتىن يېقىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ئىسراپچىلىقتۇر، كىشىلەر بۇ ئىسراپچىلىققا بەكمۇ سەل قارايدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "**يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ**" (7-سۈرە «ئەئراف»، 31-ئايەت). بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يەيدىغان، ئىچىدىغان، خوشۇسەن، ئىنسان بەندىسىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئىسراپ قىلغانلارنى ئاللا ياقتۇرمىغان يەردە، ئىنسانغا ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئەكسىچە زىيىنى يار تاماكا ئۈچۈن بىھۇدە پۇل خەجلەپ ئىسراپچىلىق قىلغانلارنى ئاللاتائالا ئەلۋەتتە ياقتۇرمايدۇ. ئاللاتائالا ياقتۇرمىغان كىشىلەر چوقۇم ھەر ئىككى دۇنيانىڭ بەخت-سائادەتلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "**...(پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر ... قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالاكەتتە، پۇشايمانغا قالىسەن**" (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 26-، 27-، 29-ئايەتلەر). دېمەك، ئاللاتائالا بۇ ئايەتلەردىمۇ ئىسراپخورلارنى ئەيىبلەۋاتىدۇ. ئۇنداقتا ئويلاپ باقايلى، بىز پۇل-مېلىمىزنى ئىسراپ قىلدۇقمۇ ياكى قىلمىدۇقمۇ؟ رايونىمىزدىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلماندىن ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ مىليون ئادەم

تاماكا چەكسە، ھەربىر ئادەم بىر كۈندە بىر يۈەنلىك تاماكا چەكسە، ھەر كۈنى ئۈچ مىليون يۈەن كۆيگىلى تۇرسا، بىر يىلدا قانچىلىك ئىقتىساد كۆيۈپ تۈگەيدۇ؟ بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئويلىنىش لازىم. ئەگەر ئاشۇ بىر كۈندە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتقان ئۈچ مىليون يۈەنگە بىرەر مەكتەپ ياكى زاۋۇت-كارخانا قۇرۇلىدىغان بولسا، ئىشسىزلىقتىن بېشى قېتىپ، ھەر خىل ناچار ئىشلارغا قېتىلىپ، مىللىتىمىزگە، جەمئىيەتكە ھاقارەت كەلتۈرۈۋاتقان قىز-يىگىتلىرىمىز ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، توغرا يولدا مېڭىپ ھەم ئۆز ئىشىنى تېپىپ قىلىپ، جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشار ئىدى؛ تاماكىغا كەتكەن پۇللار ھېچ بولمىغاندا كوچىلاردىكى ئاۋارە، غېرىب، ئاجىز، مېيىپ كىشىلەرنى ئاچارچىلىق ئازابىدىن ۋە ھەر خىل موھتاجلىقتىن قۇتقۇزار ئىدى. ئەپسۇس، بەكمۇ ئەپسۇس، بىز ئاشۇ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغان ئىقتىسادنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋاتىمىز.

**ئۈچىنچى، تاماكىنىڭ ئىجتىمائىي زىيىنى**

تاماكا چەككۈچىلەر ياتاق-ئۆيلەردە، ئاپتوبۇسلاردا، كوچىلاردا، ئاشخانىلاردا، ماگىزىنلاردا ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىدا باشقىلارغا، ئۆيىدە بولسا ئايالى ۋە بالىلىرىغا يوشۇرۇن زىيان سالىدۇ ۋە ئازار بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن"**. بۇ ھەدىستىكى "قوشنا" دېگەن سۆز تام قوشنىلارنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ كىشىنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. تاماكا چەكمەيدىغانلار ئادەتتە تاماكا چېكىدىغانلارنىڭ يېنىدا تۇرسىمۇ ئوخشاشلا تاماكىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. تاماكا چەككۈچىلەر ئۆزىنىڭ چىقارغان سېسىق پۇرىقى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە جىسمانىي ۋە روھىي ئازار بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى رەسۇلۇللانىڭ يۇقىرىقى ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **"ھەرقانداق ئادەم سامساق ياكى پىيازنى خام يېسە بىزدىن ئايرىم تۇرسۇن، بىزنىڭ مەسچىتىمىزگە كىرمىسۇن، ئۆز ئورنىدا (ئۆزىنىڭ ئۆيىدە) ئولتۇرسۇن"**. تاماكا سامساق، پىيازدىن نەچچە ھەسسە سېسىق. شۇڭا، تاماكا چەككۈچى مەسچىتكە يېقىن يولىماسلىقى، باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ تاماكا چەكمەسلىكى كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا يۇقىرىقى ھەدىسكە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر ئۈممىتىگە ئېغىرچىلىق بولۇپ قالمىسۇن دېسەم ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇغان بولاتتىم"**. دېمەك، بۇ ھەدىستىن ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئېغىزنىڭ پاكىز بولۇشىغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، نامازدا ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىدا ئېغىزنىڭ پۇراپ قېلىپ باشقىلارنى بىزگەندۈرۈپ قويۇشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

**تۆتىنچى، تاماكىنىڭ ئەخلاقىي زىيىنى** بەزى ياش بەڭگىلەر تاماكىغا پۇل تاپالمىغاندا ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ سېتىشقا ياكى قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن بىرنەرسە ئوغرىلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، بەزى بالىلار ئاتا-ئانىسى ئالدىدا ئەيمەنمەستىن تاماكا چېكىدۇ، ئاتا-ئانىلارمۇ پەرزەنتلىرى ئالدىدا تاماكا چېكىپ، ئۇلارنىڭ تېنى ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزگەنىنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭمۇ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى تاماكا چەككەنلىكى ئۈچۈن بالىلىرىنىمۇ تاماكا چېكىشتىن توسالماي قالىدۇ. ھازىر بەزى ئاياللارمۇ تاماكا چېكىدىغان بولۇۋالدى، تاماكا ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسى پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىر تېخى بەزى مۇناپىق نائەھلىلەر تاماكا چېكىدىغان ئاياللارنىڭ شۇ يامان ئادىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بارا-بارا ئاق تاماكىغا ئۆگىتىپ، شۇ ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

# تەڭ يېتىلىۋاتقان ئۈچ ياش ئىمام

□ ئابلىمىت قۇربان ھاجى

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىدا ئۈچ مەسچىت بار. بىرى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، بىرى قازاقلارنى ئاساس قىلغان، يەنە بىرى بولسا خۇيزۇ، دۇڭشياڭ مىللەتلىرىنى ئاساس قىلغان. بۇ مەسچىتلەرنىڭ تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش ئىماملىرى دىنىي پائالىيەتلەرنى ياخشى بېجىرىپلا قالماستىن، ئۆزلىرى بازار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئامما ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكىنى يەڭگىللىتىپ كېلىۋاتقانلىقتىن، ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە، رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ 28 ياشلىق ئىمامى ئابدۇللا ئابابەكرى مەسچىتكە ئىمام بولغان تۆت يىلدىن بۇيان مەسچىتنى ياخشى باشقۇرۇپ، دىنىي سورۇن ۋە نەزىر-چىراغلاردا ئاممىغا ھۆكۈمەت سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ كەلدى. توي-تۆكۈنلەردە نىكاھ قەغىزى ئالمىغانلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇمىدى، ئۇلارنى قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەشكە دەۋەت قىلدى، قانۇنسىز نىكاھ ئىشلىرىنى قەتئىي توسىدى. مەسچىتنىڭ سودىگەرلەرگە ئىجارىگە بەرگەن 12 ئېغىز ئۆيىنىڭ باھاسىنى يېڭىباشتىن رەتكە سالدى ۋە بازار باھاسى بويىچە تەڭشىدى. ئۆزى نورمال دىنىي پائالىيەتلەردىن باشقا ۋاقىتلاردا ناھىيە بازىرىدا تېرە-ئۈچەي سېتىۋېلىش-سېتىش ئوقەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر ئايدا 1000 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىپ كەلدى. ئۇ بازار سودىسى بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى تاشلىۋەتمەي، ھەر يىلى 15 مو بىنەم يېرىنى تېرىپ، بۇ ئىككى خىل كەسىپ بىلەن تېخىمۇ روناق تاپتى.

خۇيزۇ مەسچىتىنىڭ 28 ياشلىق ئىمامى ما چېڭخۇمۇ ئىماملىقنى ياخشى ئادا قىلىپلا قالماستىن، ئاتا-ئانىلىرى بىلەن 150 مودەك بىنەم يەرنى تېرىش، ئائىلىسىدە قوشۇمچە ئۇششاق مال بېقىش ئارقىلىق ھاللىق سەۋىيىگە يەتتى.

قازاق مەسچىتىنىڭ 24 ياشلىق ئىمامى ئادىلقان لەتىپ تېخى ئۆيلەنمىگەن ياش يىگىت. ئۇمۇ ئىمامەتچىلىكتىن باشقا ۋاقىتلاردا قاسساپچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى چىقىمىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، ئۇكىسىنى ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، ئائىلىسىنىڭ بۇ خىل ئىقتىسادىي

---

ئۇلارنى ئىپپەت-نومۇسنى سېتىشقا زورلاۋاتىدۇ.

تاماكا چەككۈچىلەر، كۆپ ھاللاردا، سەپرا مىجەز بولۇپ، باشقىلار بىلەن ئاسان ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. تاماكا خۇمارى كۈچلۈك كىشىلەر تاماكا تاپالمىغان چاغدا قاتتىق جىلە بولۇپ، دائىم يامان ئىش تېرىپ قويىدۇ ھەم كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. قورسىقى ئاچ قالسا نان سوراشقا نومۇس قىلىدىغان، ئەمما تاماكا بولمىسا يۈزىنى قېلىن قىلىپ سوراپ چېكىشتىن نومۇس قىلمايدىغان رەزگى بەڭگىلەرنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ، جۈملىدىن ئىسلامىيەت ئەخلاقىنىڭ كۈشەندىسىدۇر.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تاماكا ئادەمگە ھېچقانداق پايدا-مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ، تاماكا چەككۈچىلەر "ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش"تىن ئۆزىنى چەكلەپ، نەپسىنى بېسىپ، دىنىمىزنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى ئاڭلاپ، توغرا يولغا ماڭىدىغانلا بولسا تاماكىنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك زەھىرىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزالايدۇ ھەم ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادىتىنى ئىزدەپ تاپالايدۇ. ئاللا ئۇلارغا توغرا يول ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ تالىپى؛ ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

يوقنى يەڭگىللەتتى.

بۇ ئۈچ نەپەر ياش ئىمامنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئۇلار ئىمام بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئاممىغا باقتۇرماستىن، تۇرمۇشتا ئۆز كۈچلىرىگە تاياندى. مەسچىتلەرگە چوشكەن پىتىر ۋە سەدىقىلەرنى ئۆز چۆنتەكلىرىگە سېلىۋالماي، ئۇنى مەسچىتنىڭ ئېھتىياجى ۋە چىقىملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، مەسچىت راسخوتى ئۈچۈن ئېتەك تۇتۇپ كىشىلەردىن پۇل يىغىدىغان ئىشلارنى توسۇپ، مەسچىتنى ئۆزىنى ئۆزى بېقىش يولىغا سالدى. مەسچىت ئاز-تولا ئىقتىسادىي شارائىتقا ئىگە بولغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئادىلقان ناھىيە بازىرى ئىچىدە قازاق ئاھالىلەردىن 40 ئائىلىنىڭ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، مەسچىتنىڭ ئۆز كىرىمى بولمىسىمۇ ھال-ئوقتى بىرقەدەر ياخشى كىشىلەرنى نامراتلارغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆتكەن يىلى بەش ئائىلىگە 1100 يۈەن نەق پۇل ھەل قىلىپ بەردى. يېتىم-يېسىر، ئىگە-چاقىسىز، مۇساپىرلاردىن ۋاپات بولغانلارنى خالىسانە يەرلىككە قويۇپ، ئادىي بولسىمۇ نەزىر-چىراغلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ يىل روزا ھېيت ھارپىسىدا يەنە بەش نامرات ئائىلىگە 1000 يۈەن پۇل ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى جىددىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلدى.

ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بۇ ئۈچ نەپەر ئىمامدىن ئابدۇللا ئاباكرى ناھىيىلىك 13-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئادىلقان بىلەن ما چېڭخۇ ھەر ئىككىلىسىلا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 10-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا، سانجى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى، بۇ ئارقىلىق ئۇلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، سىياسىي جەھەتتىن كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. بۇ ئۈچ نەپەر ياش ئىمام بۇنىڭدىن ئىنتايىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، بۇندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ھىمايە قىلىپ، دىنىي ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ خەلق ۋەكىلى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزاسىلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**(ئاپتور: مورى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى؛ ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

## ۋەتەن مېھرى ۋە ئانا مېھرى تۈرتكىسىدە مۆجىزە ياراتقان ئىلى ئوغلانى

□ ھەجەر سابىت

1995-يىلى 15-ئىيۇن مەرىپەت گۈلزارى غۇلجىدىن يەنە بىر ۋاپادار ئوغلان نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن يېتىملار مەكتىپىنى قۇردى ھەم ئايالى شەمشىنۇر ئابدۇخالىق ئىككىسى يېتىملارغا ئاتا ھەم ئانا بولۇپ، باللارنىڭ دىلىدىكى غېمىنى تۈگىتىپ، كۆزىدىكى نەمنى قۇرۇتۇپ روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم قىلدى.

بىز ئېيسىمىزنى بىلگەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئاتاقلىق كارخانىچىلارنىڭ مائارىپنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆز نامى بىلەن ئاتاپ مەكتەپ سالدۇرغانلىقى، مەكتەپلەرگە ئوقۇش راسخوتى ئىئانە قىلغانلىقى، يېتىم-يېسىرلارنى كارخانىسىغا ئىشقا ئالغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى ئاڭلاپ كەلگەن ئىدۇق. لېكىن نۇرتاي ھاجىمدەك ھەم يېتىملار مەكتىپىنى قۇرۇپ، ھەم ئۆزلىرىنى بۇ يېتىملارنىڭ ئاتا-ئانىسى قىلىپ، يېتىم-يېسىرلار بىلەن چوڭ بىر ئائىلە بەرپا قىلىپ بىللە يېتىپ، بىللە قوپۇپ، نەچچە يىلدىن كوچىلاردا تېنەپ يۈرۈپ، ئاتا-ئانا

دەردىدە چاڭقىغان قەلبلەرگە ئىسسىق باغرىنى بېسىپ قاندۇرۇپ، ئۇلاردا مەنىۋى خاتىرجەملىك پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ 11 يىللىق ئوقۇش داۋامىدىكى بارلىق چىقىمىنى ۋە ھەر خىل مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى، ئېلىمىز تارىخىدا تېخىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان تۇنجى قېتىملىق بىر ئىش، قالتىس بىر مۆجىزە.

نۇرتاي ھاجىم 1954-يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغانىدى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ تۇنجى ئۇستازى ئۇنىڭ ئانىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى بۇۋى ئايشەمخان ئانا ئىلىم-مەرىپەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، ئىمانى دۇرۇس، ۋىجدان تۇيغۇسى كۈچلۈك ۋاپادار ئايال ئىدى. نۇرتاي ئەندىلا ئالتە ياشقا كىرگەندە دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكى جاپاكەش ئانىسىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. نۇرتاي ھاجىم ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە خەنزۇچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. لېكىن ئەينى چاغدىكى "سول"چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئاۋئاتسىيە مەكتەپىدە ئوقۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي قالغان.

نۇرتاي ھاجىم يېتىملارنىڭ قەلبىنى، بىلىم ئېلىشقا قانالمىغانلارنىڭ دەردىنى، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ قەدرىنى بېشىغا خورلۇق كەلگەن ئاشۇ قاباھەتلىك يىللاردا چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. شۇڭا كەلگۈسىدە پۇل تېپىپ، ئۆزىگە ئوخشاش يېتىم باللارغا خۇددى ۋاپادار ئانىسىدەك غەمخورلۇق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. مېھرىبان ئانا ئەقىللىق ئوغلىنىڭ بۇ مەقسىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرۈپ دۇئا قىلغان. ھەم ئۇنىڭغا: "ھىممەتتىن قانىتى بولغان قۇش ئېگىز ئۇچالايدۇ، كىمنىڭ قولى ھىممەت بىلەن ئېچىلسا، ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشقۇسى" دەپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتقان، ھەم قۇرماقچى بولۇۋاتقان يېتىملار مەكتىپىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئايالى ۋە قېرىنداشلىرىمۇ تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ، تېزرەك تۇتۇش قىلىشنى ئۆتۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ 1995-يىلى 4-ئايدا غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆز مەبلىغى بىلەن يېتىملار مەكتىپى قۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىنى سۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەكتەپنى رەسمىي قۇرۇش توغرىسىدا ھۆججەت چۈشۈردى. 4-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن كېيىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۆز ئىشخانىسىدا نۇرتاي ھاجىمنى قوبۇل قىلدى. رەئىس نۇرتاي ھاجىمنىڭ يېتىملارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇلارغا باش پاناھ بولۇپ، ئۇلارغا مەكتەپ سېلىپ بېرىش يولىدا كۆرسەتكەن يۈكسەك پەزىلىتىگە يۇقىرى باھا بەردى.

1996-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى بۇ يېتىملار مەكتىپىدە رەسمىي ئوقۇش باشلىنىپ، نۇرتاي ھاجىمنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن يۈكسەك غايىسى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. يېتىملار مەكتىپىگە تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان 60 نەپەر گۈدەكنىڭ يۇمران يۈرىكى شادلىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. بۇلارنىڭ قاتارىغا 1997-يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 30 نەپەر ئوقۇغۇچى قېتىلىپ، 2006-يىلغا بارغاندا ئۇلارنىڭ سانى 360 نەپەرگە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تاماق، ياتاق، كىيىم-كېچەك، داۋالىنىش ۋە ئوقۇش راسخوتلىرىغا پۈتۈنلەي نۇرتاي ھاجىم مەسئۇل بولىدۇ.

غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم، غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى نۇرتاي ھاجىمنىڭ بۇ ئالىيجاناب روھىغا ئىلھام بەردى. ئۇنى قىزغىن قوللىدى. شۇنداقلا مەكتەپ قۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قول سېلىپ ھەل قىلىپ بەردى. 1995-يىلدىن 1997-يىلغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، بۇ مەكتەپكە 28 مو يەر



www.uyghurkitap.com

ھەل قىلىپ بەردى ھەمدە بۇ 28 مو يەرگە قاراشلىق دېھقانلاردىن 18 كىشىنى دۆلەت ئورگانلىرىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، نۇرتاي ھاجىم نامىدىكى يېتىملار مەكتىپىنىڭ يەر مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مائارىپ تارماقلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، بۇ مەكتەپكە شەھەردىكى ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن سەرخىل ئوقۇتقۇچىدىن 11نى يۆتكەپ بەردى. مەكتەپ ئاشخانىسى، بالىلارنى كۈتۈش ۋە ئارقا سەپ تەمىنات خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن بەش نەپەر كۈتكۈچى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. مەكتەپتىكى ئون ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

نۇرتاي ھاجىم بۇ يېتىملار مەكتىپىنى قۇرۇشقا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، 3 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. بۇ پۇل بىلەن 1300 كۋادرات مېتىرلىق ئىككى قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى، 300 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئاشخانا، مۇنچا ۋە باشقا ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى يۈرۈشلەشكەن ئاساستا قەد كۆتۈردى. ھازىر 90 نەپەر يېتىم بالا نۇرتاي ھاجىمنىڭ ھالال ئەجرى، خالىسانە شەپقىتىدىن پۈتكەن بۇ ئىللىق ماكانىنىڭ مېھرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، غەم-غۇسسىدىن خالىي، توققۇزى تەل ھالدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا. نۇرتاي ھاجىمنىڭ بۇ ئالىيجاناب روھى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەسقەت كېرىمباي، مىجىت ناسىر قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، ئىلھام بېرىشكە، مەدەت بېرىشكە ئېرىشتى. 1997-يىلى 10-ئايدا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىلىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار ئىئانە قىلغان 190 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماشىنا ۋە باشقا ئوقۇتۇش، داۋالاشقا ئىشلىتىدىغان ئەسلىھەلەرنى تەقدىم قىلدى. ئىلى ۋىلايىتى رەھبەرلىرى نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر نامىدىكى بۇ يېتىملار مەكتىپىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرى، مەدەتكارى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ھال ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ساخاۋەت ئىگىلىرىنى قوللاش ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىدى. شۇڭا بۇ مەكتەپ شەخس مەبلەغ سېلىپ دۆلەت ياردەم بەرگەن ياتاقلىق يېتىملار مەكتىپى دەپ ئاتالدى.

نۇرتاي ھاجىم ھازىر غۇلجا شەھەرلىك، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى.

**(ئاپتور: شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى لايىھەلەش يۇرتى؛ ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

# ئىلىدا جەۋلان قىلغان يەنە بىر گۆھەر

**□ ئوسمان سېلىم**

ئىسلاھات ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات قەدىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ 80-يىللاردىن كېيىن ئىلىدا بارلىققا كەلگەن ئۈچ گۆھەرگە 1997-يىلى يەنە بىر گۆھەر قوشۇلدى. بۇ تۆت گۆھەر يورۇق يۇلتۇزدەك غۇلجا ئاسمىنىدا چاقنىدى. بۇ تۆت گۆھەرنىڭ بىرى—ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرۇشىدىكى "ئىلى تەڭرىتاغ" مەكتىپى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغان 1986-يىلدىن ھازىرغىچە نەچچە مىڭ يېتىم-يېسىر ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز ئوقۇتۇپ، جەمئىيەتكە بىر بۆلەك كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئىككىنچى گۆھەر"—ئابلىمىت خالىس ھاجىم فوندى جەمئىيىتى". بۇ فوند جەمئىيەت

www.uyghurkitap.com

قورۇلغاندىن ھازىرغاقەدەر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئەلالىرىنى ھەرقايسى پەنلەر بويىچە نەچچە مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاپ كەلدى. ئۈچىنچى گۆھەر—نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر يېتىملار مەكتىپى. ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ ھازىر يېتىم-يېسىر ئوقۇغۇچىلاردىن 90نى قوبۇل قىلىپ، مۇنتىزىم ئوقۇتۇش ئىزىغا چۈشتى. تۆتىنچى گۆھەر”—قەدىمىي ماكان پەرىشتە باللار باغچىسى“.

بۇ باغچىنىڭ قۇرغۇچىسى مەمتىمىن ھاجى تەۋەككۇل ھاجى ئىسلاھات باشلانغاندىن كېيىن، بىلىگە شىجائەت كەمىرىنى باغلاپ، ئۈمىد كېمىسىنى سودا-سېتىقنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق دېڭىزىغا سالدى. ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىنى ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ بوران-چاپقۇنلۇق ئەنسىز يىللىرىدا ئۆتكۈزۈپ، تۈزۈككىنە ئوقۇيالمىغان مەمتىمىن ھاجى ھە دېگەندە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى، كىچىككىنىلا گازىر، قەندەل سېتىشتىن تاكى رەخت بېلىتى، ئاشلىق بېلەتلىگىچە سېتىپ، سودىدا ئازتولا يول تېپىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغان مەمتىمىن ھاجى قورغۇيىنى قويۇۋەتمىدى. ئۇ سودا-سېتىقنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق دېڭىزىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭدا ئازراقمۇ دەسمايە يوق ئىدى، ئۇ ئىلگىرى ياغاچچىلىق قىلىپ جان باققان مەزگىللىرىدە ياسىغان ئۆي جاھازلىرىنى، قول سائىتىنى، ۋېلسىپىتىنى سېتىپ، 1700 يۈەن دەسمايىگە ئىگە بولدى ھەمدە ئۇنى غۇلجا شەھىرىدە دۈملىتىپ، بىر يىلدىن كېيىن 2700 يۈەن دەسمايىگە ئېرىشتى. ئاندىن ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي تۇرمايلا بارىيوقى 2700 يۈەن دەسمايە بىلەن شاڭخەي شەھىرىگە سەپەر قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئانا يۇرتى ئىلىدىن تۇنجى قېتىم ئايرىلىشى ئىدى، بۇ قېتىمقى سەپەر ئۇنىڭغا ئاسان چۈشمىدى. ياقا يۇرتتا مۇسۇلمان تائاملىرىنى تېپىپ يېيىش شۇنچىلىك قىيىن بولۇش بىلەن بىللە، تىل ئۇقماسلىق ئۇنى كېكەش قىلىپ قويدى. مەنە مەقسەتلىرىنى ئىشارەت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئۇنىڭ دائىملىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى ۋە ئاستا-ئاستا كۆنۈپمۇ قالدى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تىلمۇ ئۆگىنىپ، مەقسەت-مۇددىئاسىنى بىۋاسىتە ئۇقتۇرالايدىغان بولدى. ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سەپەر قىلغان 1979-يىلدىن 1985-يىلغىچە شاڭخەي شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا خاڭجۇ، سۇجۇ، نەنجىڭ، ۋۇشى، شيامىن، گۇاڭجۇ، بېيجىڭ، تيەنجىن، شىئەن، ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى قاتارلىق جايلاردىكى زاۋۇت-فابرىكىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەييار كىيىم-كېچەك، ئەن رەخت، ئاياغ كىيىم ئېلىپ ئىلىغا، غۇلجا شەھىرىگە يۆتكەپ ساتتى. ئاخىر ئۇ مۇشۇ يىللار ئىچىدە 250 مىڭ يۈەنلىك ساپ پايدىغا ئېرىشتى. بۇ ئۇنىڭ سودا-سېتىق يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقان بىرىنچى قەدىمى بولدى. ئەمدى ئىككىنچى قەدەمنى قانداق بېسىش كېرەك؟

1986-يىلى ئۇ ئۆز تىجارىتىنى بىرقەدەر كېڭەيتتى. مۇشۇ يىلى ئۇ گۇاڭجۇ شەھىرىگە بېرىپ، ئىككى يىل تۇرۇپ ئەن رەخت، موتسىكلىت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. لوق-لوق بولۇۋاتقان سودا ئۇنى پات ئارىدىلا مۇناسىپ پايدىغا ئېرىشتۈردى. لېكىن ئۇ ”ئۆتكەن كۈننىڭ ئۇنتۇما، شىر چورۇقۇڭنى قورۇتما“ دېگەن ئەجدادلار ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاددىي ياتاقلاردا ياتتى، ئاددىي ياشىدى، مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن تاپقان پۇلنى قەدىرلىدى …

سودىدا ئوبدانلا پىشقان مەمتىمىن ھاجى 1988-يىلدىن 1990-يىلغىچە شېنجېندا تۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىقلار بىلەن رەخت سودىسى قىلىشتى، رەختلەر ئاساسەن تەيۋەندىن كېلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم رەخت ئالغاندا توپ-توپى بىلەن ئېلىپ، گۇاڭجۇدىكى سودىگەرلەرگە يەنە توپ-توپى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەردى. مۇشۇ ئىككى يىلدا ئۇنىڭ

سودىسى يۈرۈشۈپ، پايدىسى ئوبدان بولدى، ئۆزىنىڭمۇ سودا مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىدا زور بۇرۇلۇش بولدى. 1990-يىلى ئۇ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان، روسىيىلەرگە ساياھەتكە چىقىپ قايتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا ئۇ بۇ يەرگە چىقىپ سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىجارىتىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزدى ھەمدە بىرنەچچە تىجارەتچى بىلەن بىرلىشىپ "سايرام شىركىتى"نى قۇردى ھەمدە شىركەت ئارقىلىق ئېلىمىزگە 2000 توننا تۆمۈر كىرگۈزۈپ ساتتى. قىسقىسى، ئۇ سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان 18 يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن تارتىپ چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغىچە بېرىپ زىيارەت قىلدى، نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۆزىنىڭ ئوقۇيالمىغانلىقىدىن، تىل-يېزىق ئۇقماسلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يېدى. بولۇپمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى، چەت ئەللەردە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، كۆڭلىگە يېڭى ئىستەك-غايىنى سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر ياخشى ئىزگۈ-تىلەككە يۈرۈش قىلىش ئارزۇسى ئويغىنىۋاتقان پەيتتە، يەنى 1995-يىلى غۇلجا شەھىرىدە "ئابلىمىت خالىس ھاجىم فوندى جەمئىيىتى" قۇرۇلدى. نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا—ئۆزگە يۇرتتا تىجارەت قىلىۋاتقان مەمتىمىن ھاجىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى ۋە بۇ فوند جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا ئۈلگۈرۈپ كېلىپ، 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇ غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە، غۇلجا ناھىيە ئارا ئۆستەڭ يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە، "ئىلى تەڭرىتاغ مەكتىپى"گە، غۇلجا شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ۋە غۇلجا شەھىرىنىڭ يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، جەمئىي 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە بەردى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئانا يۇرتى ئۈچۈن چوڭراق بىر ئىش قىلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ قېرىنداشلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ بىر باللار باغچىسى قۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى ۋە مۇنداق دېدى: "ئۇسما كېتىپ قاش قالدۇ، سۇ كېتىپ تاش قالدۇ" دەپتىكەن كونىلار، ھالال ئەمگەك-ماڭلاي تەرىمىز بىلەن پۇلمۇ تاپتۇق، بايمۇ بولدۇق. لېكىن ئۆزىمىز ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋاتسىزلىق ھالەتتە ياشاۋاتىمىز، ھەممىمىز نۇرغۇن جايلارغا باردۇق، كۆردۇق، ئۇ يەرلەردىكى ئۆزگىرىشلەر بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، شۇڭا، ئۆزىمىز قىلالمىغان ئىشنى باللىرىمىزغا ئۆگەتسەك. ئەگەر شۇنداق قىلالىساقلا، بىرىنچىدىن، باللارنى ساغلام، ئەقىللىق، زېرەك، مەدەنىيەتلىك، غايىلىق قىلىپ، تەربىيىلەيمىز، ئىككىنچىدىن، نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلارنى غەمدىن خالاس قىلىمىز، ئۈچىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى كىچىككىنە بولسىمۇ يەڭگىللىتىمىز. پۇل دېگەن مەڭگۈلۈك نەرسە ئەمەس، مەڭگۈلۈك نەرسە بىزدىن قالغان ياخشىلىق-ئابىدە. ئۇنىڭ بۇ گۈزەل غايىسىنى ھەممە تۇغقانلىرى بىردەك قوللىدى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن قىلىپ بەرمەكچى بولغان بۇ ياخشى ئىشىغا ياخشى تىلەكلەر تىلەشتى.

ئاردىن ئانچىكى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەمتىمىن ھاجى ھەممە تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئومۇمىي كۆلىمى 2279 كۋادرات مېتىرلىق بىر قۇرۇلۇش جايىنى سېتىۋالدى. بۇ قۇرۇلۇش جايىدا 65 ئېغىز ئۆي بار ئىدى، ئۇنى رېمونت قىلدۇرۇش، باشقىدىن ئۆزگەرتىپ چىقىشقىمۇ يەنە خېلى مەبلەغ سالدى، جۈملىدىن 30 نەچچە ئېغىز ئۆيىنى يېڭىدىن ئاستى-ئۈستى قىلىپ سالدى. ئارقىدىنلا "قەدىمىي ماكان پەرىشتە باللار باغچىسى"نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ، باللا قوبۇل قىلىشقا كىرىشتى، جۈملىدىن تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچى، بىر ئاشپەز، بىر بوغالتىر، بىر كاسسىر، بىر زاپچوز، بىر

www.uyghurkitap.com

كۆزەتچى، بىر باغچا مەسئۇلى بولۇپ جەمئىي ئون ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 1979-يىلى 12-ئايدىن باشلاپ ئۈچ ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان 70كە يېقىن بالىنى قوبۇل قىلىپ، ئىككى سىنىپ ئاچتى. باغچىنىڭ ئورۇندۇق، ئۇستەل، كارىۋات، ئورۇن-كۆرپە، قاچا-قۇچا قاتارلىق ئەسلىھەلىرىنى يۈز كىشىلىك قىلىپ تەييارلىدى ھەمدە ئۇنئالغۇ، تېلېۋىزور، رويال، ئويۇنچۇق قاتارلىق ئەسلىھەلەرنىمۇ تولۇق سەپلىدى، ھەتتا بەزى نەرسىلەرنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئەكەلدۈردى.

"قەدىمىي ماكان پەرىشتە بالىلار باغچىسى"دىكى بالىلار ھازىر كۈنلۈك بېقىلىۋاتىدۇ. مەمتىمىن ھاجىم ئۇنى كېيىنچەرەك ھەپتىلىككە ئۆزگەرتمەكچى، شۇنداقلا قوبۇل قىلىنىدىغان بالا سانىنى 380گە يەتكۈزمەكچى.

"نېمىدېگەن بەختلىك بالىلار دەپ ئويلايتتى مەمتىمىن ھاجى ھەر قېتىم باغچىغا كەلگىنىدە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاشۇ بالىلارغا ئوخشاش سەبىيلىكىدە قايتىپ، بەختتىن بەھرىمەن بولغۇسى كېلەتتى، بىراق بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۆزىنىڭ ئاشۇ بالىلاردەك نارەسىدە چاغلىرىنى ئەسلىگىنىدە، ئىختىيارسىز ھالدا ئاچچىق ھەسرەت چېكەتتى، ئەمما كىشىلەرنى بەختلىك ھالدا كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، قەلبى شۇقەدەر خۇشاللىققا تولاتتى... ئىلىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي ماكانىنىڭ ئوماق پەرىشتىلىرى ئۆزىنىڭ ئۈمىدكە تولغان نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ يولىنى، كۆڭلىنى يورۇتماقتا، خەلقنىڭ يۈرىكى پىچىرلىماقتا...

(ئاپتور «ئىلى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن؛ ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# تۆھپىكار دىنىي زات

ئىنسان ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە، ۋەتەنگە ۋە مىللىتىگە قوشقان تۆھپىسى بىلەن قەدىرلىك. قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، خۇسۇسىلار ئىگىدارچىلىقىدىكى سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تارمىقىدىكى توپ-پارچە گەزمال تارقىتىش شىركىتىنىڭ پىرىكازچىكى ئابدۇۋەلى ھاجى مۇھەممەت ئۆزىنىڭ پاك، سەممىي قەلبى بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى شەرەپ دەپ ھېسابلاپ، ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، سودىدا ئادىل بولۇپ، ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ بېيىش ئىشىغا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇپ تېگىشلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

1978-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىككى يىل يېزىدا قايتا تەربىيە ئالغان ئابدۇۋەلى ھاجى پىرىكازچىك بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىللىرىدىلا، بۇ ئورۇندىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى؛ ئۇ 1984-يىلى ئىسلاھاتنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا پوكەينى كۆتۈرە ئېلىپ، تىجارەتنى يېزا بازارلىرىغىچە كېڭەيتىپ، تېز بېيىش ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. 1993-يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تولۇقلىنىپ سايلانغان ئابدۇۋەلى ھاجى بىر تەرەپتىن بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىلاردىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشنى داۋاملاشتۇردى. مەسىلەن، ئۇ ناھىيە بازىرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايتېرەك يېزا سۇلتانئېرىق كەنتىدىكى تاجىنساخان دېگەن ئايالغا تۆت قوي ئېلىپ بەردى ھەمدە دېھقانچىلىققا ئىشلىتىشى ئۈچۈن، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، يەتتە قاپ خىمىيىۋى ئوغۇت ياردەم قىلدى، يەنە تېتىر يېزا 4-كەنتتىكى تىللاخان ئىسىملىك قارىغۇچىسى يوق ياشانغان تۇل ئايالغا ئۈچ قوي ئېلىپ بەردى. ئۇ يەنە بازار ئەتراپىدىكى چاسا مەسچىت يېزا 5-كەنتتىكى بىر كەمبەغەل دېھقانغا 1500 يۈەنگە بىر ئېشەك ھارۋىسى سېتىۋېلىپ بېرىپ،

ئۇنىڭ كىراكەشلىك قىلىش ئارقىلىق ئائىلە تۇرمۇشىنى قامدىشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇ پوكەينى كۆتۈرە ئالغان يىللاردىن بېرى دۆلەتكە 23 مىڭ 400 يۈەن باج، 6300 يۈەن بازار باشقۇرۇش راسخوتى تاپشۇردى. نامرات ئائىلىلەر ۋە جامائەت سورۇنلىرىغا 43 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ياردەم قىلدى. بۇ ساخاۋەتلىك دىنىي زات 1995-يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلاندى ھەمدە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن "نامراتلارغا ياردەم بېرىشتىكى ئۈلگىلىك دىنىي زات"، "تەكلىپ بېرىشتىكى ئىلغار شەخس" دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلاندى. (مۇساجان ياسىن)

## گۈلشەن مۇھەممەد قارىي ھاجىنىڭ خەيرلىك ئىشلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاقسۇ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاقسۇ شەھىرى لەنگەر چوڭ جامە مەسچىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى گۈلشەن مۇھەممەد قارىي ھاجى دىنىي شەرىئەتنىڭ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، خاتىرجەملىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىدىيىسى ھەمدە ئۆزئارا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشتەك ئەدەب-ئەخلاق قارىشىنى ئۆز قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن، ئۆزىنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن كەڭ جامائەت ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغان بىر دىنىي زات. ئۇ جامائەتنى ھەر دائىم ئىناق-ئىتتىپاقلىققا ئۈندەپ كەلدى، يېتىم-يېسىرلارغا، پېقىر-مىسكىنلەرگە ھەر يىلى 4000 يۈەندىن 6000 يۈەنگىچە نەق پۇل ياردەم قىلىپ كەلدى، بولۇپمۇ ھەر يىلى قىش كىرگەندە ئۇلارغا قىشلىق كىيىم ۋە ئۇن تونىندىن ئارتۇق كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ يەنە جامائەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا 6000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى؛ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىمكى ئاللا يولىدا پاكى ئىلمىنى گۈللەندۈرۈپ ئادەم تەربىيىلەشكە بىر دانە يارماق خەير قىلىپ ئىشلەتسە، جانابىي ئاللا ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ساراي ئاتا قىلىدۇ" دېگەن ھەدىسىنىڭ روھى بويىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا 10 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى «ئون ئىككى مۇقام»نى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى ئاقسۇغا كەلگەندە، ئۇ جەمئىيەتكە 2000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. گۈلشەن مۇھەممەد قارىي ھاجىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېسىل پەزىلىتى ھەم خەيرلىك ئىشلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ۋە كەڭ جامائەتنىڭ تەشەككۈرى ۋە مەدھىيىسىگە مۇيەسسەر بولدى. (ئەھمەت نىياز)

## ساخاۋەتلىك دىنىي زات

يوپۇرغا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، يوپۇرغا يېزا تىگىن 5-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇسوپۇر مەخسۇم ھاجى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ھىمايىسى ۋە ھىممىتى بىلەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەقىل-پاراستى ۋە ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىپ، ئائىلىسىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنى 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈپ، ناھىيە بويىچە كۆپ خىل ئىگىلىك ئارقىلىق ئالدىن بېيىغان باي ئائىلىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ 1997-يىللىق ساپ كىرىملا 66 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئائىلىسىدىكى ھەربىر نوپۇسقا 6330 يۈەندىن توغرا كەلدى. ئۇ ئۆزى بېيىغاندا باشقىلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. 1987-يىلدىن بۇيان ئۆز يېنىدىن 3140 يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ مەكتەپكە ۋە 4-مەھەللىگە ئىككى كۆۋرۈك سېلىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە مەكتەپكە تۆت توننا كۆمۈر ئېلىپ بەرگەن. 1987-يىلدىن بۇيان يەنە ئۆز كەنتىدىكى 32 نامرات ئائىلىگە ھەر يىلى قىشلىق، يازلىق كىيىم-كېچەك قىلىپ بېرىش، ھېيت-بايراملاردا ئۇن-ياغ ئېلىپ بېرىش، بەكرەك قىيىنچىلىقى بارلارغا نەق پۇل بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا ھازىرغىچە 45 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل سەرپ قىلغان، يەنە ئون نەچچە نامرات ئائىلىنىڭ 95 مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ تېرىپ بەرگەن. ئابدۇسوپۇر مەخسۇم ھاجى يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن 1997-يىلى ناھىيە ۋە

ۋىلايەت بويىچە ”ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىغان دىنىي زات“ ۋەكىلى بولۇپ باھالىنىپ، ۋىلايەت چاقىرغان [illegible] يىغىنىغا قاتناشتى ۋە مۇكاپاتلاندى (سادىر [illegible])

# دىنىي زاتلارنىڭ ھىممىتى

پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي زاتلارغا تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق باي بولۇشقا يېتەكلىدى ھەمدە دىنىي زاتلار ئىچىدىكى ئۈلگىلىك ئادەم، ئۈلگىلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا تەقدىرلەپ، ئۇلارنى نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش، مۇقىملىقنى قوغداش، مائارىپنى قوللاش ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى ناھىيىدىكى ئالدىن بېيىغان 153 دىنىي زات ئائىلىسى 1054 نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە 72 مىڭ 950 يۈەن نەق پۇل، 10 مىڭ 150 جىڭ ئاشلىق ۋە 6000 يۈەن قىممىتىدە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ياردەم قىلغاندىن باشقا، يەنە ئۇلارنىڭ 121 مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بەردى، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى ئۈچۈن 195 ئادەم-قېتىم ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشقا يېتەكلىدى؛ شۇنداقلا تۈرلۈك سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، جامائەتكە ئەقىل ۋە ھالال ئەمگەك بىلەن باي بولۇش، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىش، جەمئىيەت تەرتىپىگە رىئايە قىلىش، قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى قوغداش جەھەتلەردە تەشۋىق-تەربىيە قىلىپ، ئۆزلىرىمۇ بۇ جەھەتلەردە باشلامچى بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

# دىنىي زاتلار قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلدى

خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، كېرىيە ناھىيە مۇغالالار چوڭ جامەسىنىڭ خاتىپى ئىمىن ھاجىم شەيخنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئۆزى 1210 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم چىقىرىپ باشلامچى بولۇشى بىلەن ئۆتكەن يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ھەيئەت ئەزالىرى 19 نەپەر دىنىي زات 16 مىڭ 666 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم يىغىپ جەمئىيەتتىكى ئىگە-چاقىسىز نامراتلارغا ھەم نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يىل قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشىگە ۋە ياخشى ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن تەسىرلەنگەن باشقا دىنىي زاتلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، 42 مىڭ 398 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم توپلاپ، ئۆز ئەتراپىدىكى نامراتلارغا ۋە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلدى. دىنىي زاتلارنىڭ بۇنداق خالىس ياردىمى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىدى. بۇ پائالىيەتتە نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان ئىمىن ھاجى شەيخ قاتارلىق ئالتە نەپەر دىنىي زات يېقىندا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە دىنىي ئىشلار باشقارمىسى تارقاتقان ”شەرەپلىك ئىشلارنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك دىنىي زات“ دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. (يالقۇن سىراجىدىن خەمەت)

# ئۆز ئەجرى بىلەن بېيىغان دىنىي زات

قاغىلىق ناھىيە جاڭگىلئەسكى يېزا شالدىراڭ 6-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى داۋۇت مامۇت ھاجىنى كىشىلەر ”ئۆز ئەجرى بىلەن بېيىغان دىنىي زات“ دەپ تەرىپلىشىدۇ.

داۋۇت مامۇت ھاجىمنىڭ ئائىلىسى 1978-يىلدىن ئىلگىرى كەنت بويىچە نامرات ئائىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

1982 ـ يىلى يەرلەر ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ 20 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، بانكىدىن ئالغان 1000 يۈەن قەرزگە بىر ئېشەك ھارۋىسى، بىر تۇياق كالا سېتىۋېلىپ، ھەر خىل زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىپ تېرىپ، شۇ يىلىلا ياخشى ھوسۇل ئالدى. 1983 ـ يىلىغا كەلگەندە كىرىمنى كۆپەيتىپ قەرزدىن قۇتۇلدى، كېيىنكى يىلى بانكىغا تۇنجى قېتىم 1000 يۈەن ئامانەت قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا تېرىقچىلىقنى ئاساس، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، بورداقچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ، ھالال تەر تۆكۈپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش قىلىپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى يىلدىن ـ يىلغا گۈللەندۈردى. 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە ئائىلە كىرىمنى 21 مىڭ 300 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنى 7100 يۈەنگە يەتكۈزدى، بۇنىڭدىن 7000 يۈەننى دېھقانچىلىق مەبلىغىدىن قىسلغان ئۇن ئائىلىگە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەردى، 8000 يۈەنگە بىر قول تراكتورى سېتىۋالدى. 1992 ـ يىلىغا كەلگەندە 10 مو كېۋەز تېرىپ، تۆت تۇياق كالىنى بورداپ ۋە بوغداي، قوناق سېتىپ كىرىم قىلدى، شۇ يىلى بانكىغا 17 مىڭ يۈەن ئامانەت قويدى.

داۋۇت مامۇت ھاجى بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇ ئۆز كەنتىدىكى 11 نامرات ئائىلىگە 6100 يۈەن نەق پۇل، 30 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 1500 كىلوگرام ئاشلىق، ئۈچ تۇياق قوي، 50 كىلوگرام ياغ يەتكۈزۈپ بەردى. كەنت مەدەنىيەت ئۆيىگە 17 دېۋىملىق تېلېۋىزور ئېلىپ بەردى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى ئۇ ناھىيە، يېزا بويىچە "بەشتە ياخشى دىنىي زات"، "ئۆز ئەجرى بىلەن باي بولۇپ، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلغان دىنىي زات" دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ، مۇكاپاتلىنىپ كەلمەكتە.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

## خەيرلىك ئىشلار يولىدىكى ياخشى باشلامچى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە 53 ـ تۇەن مىللىي 8 ـ لىيەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى، 53 ـ تۇەن بازار مەسچىتىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئاۋۇت ھاجى ئېغىزىدا دېگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، شۇ جايدىكى كەڭ ئاممىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلەۋاتقان دىنىي زاتلارنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇ جامائەت سورۇنلىرىدا ئىسلام ئەخلاقى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كەڭ جامائەتنى جاپاغا چىداپ ھالال ئىشلەپ بېيىشقا دەۋەت قىلدى. ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئىلمىي تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قىلىپ ھەم يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يىللىق كىرىمنى 60 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، تاپقان كىرىمنىڭ بىر قىسمىنى 53 ـ تۇەندىكى "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە" ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم قىلدى. ئۇ بۇ يىلقى روزا ھېيتنىڭ ئالدى ـ كەينىدە نامرات يۇرتداشلىرىغا 7 مىڭ يۈەن ياردەم قىلغاندىن باشقا، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يېتىم ـ يېسىرلارغا 4 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى.

ئۇ يەنە ھەر يىلى ئەتىيازدا، بولۇپمۇ كېۋەز تېرىمى ۋاقتىدا يېتىم ـ يېسىر، تۇل ئاياللارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىپ كەلدى. جامائەتنى توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈشكە دالالەت قىلىپ، ھەشەمەتلىك تويغا تەييارلانغان 18 جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ توي مەرىكىسىنى ۋە چوڭ نەزىرگە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئون كىشىنىڭ نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈشكە تەۋسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسراپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان 30 مىڭ يۈەن پۇلىنى تېجەپ قېلىشقا تۆھپە قوشتى.

(ھەسەنجان قارىي، تۇرسۇن بارات)

## ئەمەت روزى ھاجى نامراتلارغا ياردەم قىلدى

باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، باي ناھىيە ياقىئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى جامە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەمەت ھاجى تىجارەت ۋە مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپقان پۇلىدىن ھەر يىلى نامراتلارغا، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن

www.uyghurkitap.com

خەۋەر ئېلىنشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ يىلدىن بۇيان ئۇ يەنە نامراتلارغا، ئاجىز-مىسكىنلەرگە 1500 كىلوگرام ئۇن، 200 كىلوگرام ياغ، 1200 كىلوگرام گۈرۈچ قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ياردەم قىلغاندىن باشقا، 2500 كىلوگرام گۈرۈچ، 100 كىلوگرام ياغ، 54 مېتىر سۇنئىي پالازنى مەيدان تەۋەسىدىكى نامرات، "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە"لەرگە تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن، مەيدان خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. كەڭ ئامما ۋە رەھبەرلەر ئەمەت روزى ھاجىنىڭ بۇ كاتتا ساخاۋىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشتى. (يۈسۈپ ئەرشىدىن)

## يېڭىئاۋات يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار نامراتلارغا ياردەم قىلدى

خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار بىرقانچە يىلدىن بېرى قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يۈزلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇلار بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى، بولۇپمۇ "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە" ۋە قىيىن كۈنگە قالغان يېتىم-يېسىر، ئاجىز-مىسكىنلەرنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ئۇدا بىرقانچە يىلدىن بېرى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئۆزلۈكىدىن سەپەرۋەرلىككە كېلىپ خالىسانە ئىئانە قىلىش ئىشىنى توختىتىپ قويمىدى. نەتىجىدە ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە بۇ يېزىدىكى 50تىن ئارتۇق دىنىي زات—ئىمام، خاتىپ، مۇئەززىنلەر يېزا تەۋەسىدىكى 126 "بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە"، يېتىم-يېسىر ۋە تۇرمۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرگە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل، 5400 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق، 85 كىلوگرامدىن ئارتۇق ياغ، 70 كىلوگرامدىن ئارتۇق گۆش، 20 توننىدىن ئارتۇق ئوتۇن-كۆمۈر، 250 قۇردىن ئارتۇق كىيىم-كېچەك ياردەم قىلغاندىن باشقا، يەنە ئۇلارغا 340 كىلوگرامدىن ئارتۇق خىمىيۋى ئوغۇت بەردى، ئۇلارنىڭ 100 مودىن ئارتۇق يېرىنى ھەيدەپ تېرىشىپ بەردى. دىنىي زاتلارنىڭ بۇ خىل ئېسىل روھى كەڭ جامائەتنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. (مۇھەممەد ئۆمەر ئابىدىن)

## گۇما ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار نامراتلارغا ئىئانە ئاتىدى

گۇما ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئېتىقادى، ئەقىل-پاراستى ئاساسىدا تىرىشىپ ئىشلەپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلە ئىقتىسادىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. مۇھىمى، ئۇلار بېيىغاندا نامراتلارنى يۆلىدى، مائارىپ ۋە باشقا پاراۋانلىق ئىشلىرىغا بەس-بەستە ئىئانە قىلدى. ئۇلار نامراتلارغا ئىئانە قىلغان پۇل 138 مىڭ 568 يۈەنگە، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىئانە قىلغان پۇل 44 مىڭ 864 يۈەنگە، مائارىپقا ئىئانە قىلغان پۇل 11 مىڭ 227 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 6700 يۈەن قىممىتىدە تۇرمۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ماددىي بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بەردى. (ئابلىمىت مۇھەممەد)

## بېيىش يولىغا ماڭغان دىنىي زات

كەلپىن ناھىيە ئاچال يېزا كۆل كەنتىنىڭ ئىمامى، ئاچالدەڭ خانىقانىسىنىڭ مەزىنى ئېلى ھاجى ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ 16 مو تېرىلغۇ يېرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، شۇنداقلا قوشۇمچە چارۋىچىلىق قىلدى؛ نەتىجىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن قىلغان كىرىمىنى قىسقا ۋاقىتتىلا 36 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ يەنە كۆل كەنتىدە تۇنجى بولۇپ ئىككى مو نەشپۈتلۈك باغ بىنا قىلدى ھەمدە 10 مىڭ 500 تۈپ تېرەك كۆچىتى ۋە توغراق يېتىشتۈردى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ھازىرقى مۇقىم مۈلۈك مەبلىغى 300 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، دۆلەتكە 100 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى.

ئېلى ھاجى 1987-يىلى سېتىۋالغان كىچىك تراكتورى بىلەن ئۆز كەنتىدىكى كىشىلەرنىڭ يەر ئاغدۇرۇش، خامان تېپىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ كەلگەندىن سىرت، ياشانغان، ئاجىز، مېيىپ كىشىلەرگە 1350 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق، 16 قۇر كىيىم-كېچەك، 600 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى، مەسچىت-خانىقالارنىڭ رېمونت ھەققى ئۈچۈن 2486 يۈەن ئىئانە ئاتىدى، يەنە 540 يۈەن پۇل چىقىرىپ، كۆل كەنتىدىكى بىر ئورۇنغا كۆۋرۈك سېلىپ بەردى. ھازىر ئېلى ھاجىنىڭ ئىككى يۈك ئاپتوموبىلى داۋاملىق كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتمەكتە. (سەمەت دالى)

# ئامما ئارىسىدىكى ياخشى باشلامچى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل يېزا قاقشاللىق مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇغوپۇر مەخسوم ھاجى ئۇزاق يىللاردىن بېرى، ھەر جەھەتتىن ئاممىغا باشلامچى بولۇپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇ يېقىنقى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ۋە ئوقۇغۇچىلارغا 2775 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى، يېزىنىڭ كۆۋرۈك سېلىش ئىشلىرىغا 860 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ياردەم قىلدى، ئۇنىڭ بۇنداق خالىس ياردەم بېرىش روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن كەڭ دىنىي زاتلار ۋە جامائەت ئارىسىدا نامراتلارغا يار-يۆلەك بولىدىغان، يېزىنىڭ تۇرلۇك قۇرۇلۇشىغا خالىس ياردەم قىلىدىغان ياخشى ئىشلار ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. 90-يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ، ئۇ "بەشتە ياخشى دىنىي زات" بولۇپ باھالىنىپ كەلگەن ئابدۇغوپۇر مەخسۇم ھاجى بۇ يىلمۇ يەنە ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەرىپىدىن "بەشتە ياخشى دىنىي زات"، "شەرەپلىك ئىشلارنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر دىنىي زات" بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. (يالقۇن سىراجىدىن مۇھەممەت)

# نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، چىرا ناھىيە بازار جامە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئوبۇلھەسەن قارىي داموللام قاتارلىق دىنىي زاتلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئىئانە قىلىشى ئارقىسىدا، بازار تەۋەسىدىكى ئۇن نەچچە ئېتىقادچى ئامما روزا ھېيت ھارپىسىدا 600 كىلوگرام ئۇن، 800 يۈەن نەق پۇل يىغىپ، ناھىيە بازىرىدىكى 30 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىگە يەتكۈزۈپ بەردى. (مۇھەممەد رەھىم توختى)

# تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي سىنىپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي سىنىپ 1998-يىل 5-ئاينىڭ 19-كۈنى 1-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابلا قاسىم، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرەھىم قارىي ھاجى ۋە بىر قىسىم مۇئاۋىن رەئىسلەر، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك بىرلىك سەپ، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دىنىي سىنىپنىڭ بارلىق مۇدەررىس-تالىپلىرى، شەھەر تەۋەسىدىكى بىر قىسىم مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

بۇ ۋىلايىتىمىزدە ئېچىلغان تۇنجى قارارلىق دىنىي سىنىپ بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان تالىپ 78 نەپەر. ئۇلار ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لىرىدىكى مەسچىتلەردە ئىمامى كەمچىل ۋە ئىمامى ياشىنىپ قالغان جايلاردىن، شۇنىڭدەك قاراماي، فۇكاڭ قاتارلىق قوشنا ناھىيە (شەھەر) لەردىن نۇقتىلىق قوبۇل قىلىنغان. بۇ تالىپلار ۋىلايەت بويىچە ئوقۇشقا تىزىمغا ئالدۇرغان 180 نەپەر ياش ئىچىدىن تاللاپ ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ، قانۇن، سىياسەت، تىل-ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، دىنىي مەلۇمات قاتارلىق مەزمۇنلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ ياخشىلارنى قوبۇل قىلىش، قېيەردىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بويىچە قوبۇل قىلىنغان. تالىپلار ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئاساسلىقى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس-شەرىپ»، فىقھە، ئىسلام ئەقىدىلىرى، ئىسلام تەلىماتى، تەجۋىد، ئەرەب تىلى ۋە مەلۇم مىقداردا قانۇن-سىياسەت، مەدەنىيەت دەرسلىرى ئۆتۈلىدۇ. (شاھمەردان ئىمىننىياز)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## كەلپىن ناھىيىسىدە ناچار ئادەتلەر ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىلمەكتە

بۇ يىللىق يېقىنقى يىل ھارپىسىدا كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئالاقىدار تۈمەنلىگەن ئورۇن بىرلىكتە توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدىكى ناچار ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنى ئاساس قىلىپ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، پىكىر-تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تەشەببۇسنامە چىقارغانىدى. چۈنكى، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئايرىم جايلىرىدا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بەزى ناچار ئادەتلەر، مەسىلەن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئىگىسى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشكە كەلگەن ئىمامغا ناماز ھەققى (پۇل) تارقىتىپ بېرىدىغان، مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا، جىنازىغا رەخت، كىيىم-كېچەك ئارتىپ بېرىپ مېيىت نامىزىنى ئوقۇيدىغان، نەزىردە كۆپ ئادەم ئاق باغلايدىغان، چاچ-ساقاللىرىنى قىرىق كۈنگىچە چۈشۈرمەيدىغان، تاياقنى تايىنىپ يىغلايدىغان، تاھارەت چېيى ۋە ئۆلۈم چېيى ئىچىدىغان، بەس-بەستە ئابرۇي قوغلىشىپ ھەشەمەتلىك نەزىر قىلىدىغان، مۇسىبەتلىك ئائىلىگە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، قۇدا-باجىلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرى قوي ئەكىلىپ بېرىدىغان ۋە قىرىق نەزىر كۈنى ماتەمدار كىشى ئۆلارغا رەخت يىرتىپ، قويماق قويۇپ بېرىدىغان ئادەتلەر ساقلانغاندىن باشقا، يەنە توي-تۆكۈننى بەس-بەستە ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ جايلاردا ئوغۇل ئۆيلەش، قىز چىقىرىش تولىمۇ تەسكە توختايدىغان، نامرات ئائىلىلەر توي-تۆكۈن، ئات تويى، خەتمە تويى ... ئىشلىرىدا قەرزدار بولۇپ، غەم-قايغۇدىن قۇتۇلالمايدىغان ئەھۋاللار بولغاچقا، ئاممىا بۇنداق يامان ئادەتلەرنىڭ زىيىنىدىن جاق تويۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە جىددىي تەلەپ ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

كەلپىن ناھىيە رەھبەرلىكى ئاممىنىڭ ساداسىغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى ھەمدە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلام ئىچىدە ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى. ناچار ئادەتنى ياخشى ئادەتكە ئۆزگەرتىش ۋە نامۇۋاپىق قائىدە-يوسۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدىكى تەشۋىقات خىزمىتى ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە قانات يايدۇرۇلدى. ھېيت ۋە جۈمە نامىزى ھەمدە چوڭ-كىچىك يىغىنلاردىمۇ كەڭ ئاممىغا داۋاملىق تۈردە تەربىيە خىزمىتى ئىشلەندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيىدە ھېلىقىدەك نامۇۋاپىق ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلار ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلمەكتە. (سەمەت دالى)

## قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي ساھەدىكىلەر كۇرسى ئېچىلدى

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىرلىكتە تەشكىللىگەن ۋىلايەت بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى 1998-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتە ئېچىلدى.

بۇ يىل تۇنجى قارار تەشكىللەنگەن بۇ كۇرسقا ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك سىياسىي كېڭەش، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ دىنىي ساھەدىن بولغان ھەيئەتلىرى، ۋەكىللىرى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى بولۇپ جەمئىي 70 ئادەم ئىشتىراك قىلدى. بىر ھەپتە داۋاملاشقان بۇ قېتىمقى كۇرستا كۇرسانتلارغا دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، ھەق-تەلەپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، مىراس قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى شۇنىڭدەك مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارغا دائىر قانۇن-بەلگىلىمىلىرىدىن سىستېمىلىق ھالدا دەرس ئۆتۈلدى.

كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى مەھەممەت ئەخلەت قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

## ئاۋات ناھىيىسىدىكى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئاكتىپ مۇشتەرىلىرى

ئاۋات ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار 1997-يىلى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا 250 نۇسخا مۇشتەرى بولغانىدى، 1998-يىلى 750 نۇسخا مۇشتەرى بولۇپ، بۇ ژۇرنالنىڭ ھەربىر سانلىرى نەشردىن چىققان ھامان ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ماقالىلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ، دىنىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكتە. (ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا)



غۇلجا شەھرىدىن سودا-تىجارەت بىلەن بېيىغان نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر ئۆز تاپاۋىتىدىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، غۇلجا شەھرىدە 11 يىللىق تۈزۈمدىكى "نۇرتاي ھاجىم يېتىملار مەكتىپى" ئاچتى ۋە ھازىرغىچە 3 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىم قىلىپ، بۇ مەكتەپنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپ، 100گە يېقىن ئىگە-چاقىسىز يېتىملارنى قوبۇل قىلىپ، مىللىتىمىز ۋە ئىسلام دىنىنىڭ يېتىم-يېسىر، ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە خەير-ساخاۋەت قىلىشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. سۈرەتتە: نۇرتاي ھاجىم ئائىلىسىدىكىلەر ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان يېتىم باللار بىلەن بىللە.

(سۈرەتنى ھەجەر سابىت تەمىنلىگەن)



شەھرىدىن سودا-تىجارەت بىلەن بېيىغان
ەممەت ئىمىن ھاجىم تەۋەككۇل ھاجى 3
ن يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىساد ئاجرىتىپ يەر
اتىۋى جاھازلارنى سېتىۋېلىپ، ئەسلىھەلىرى
ى "قەدىمىي ماكان پەرىشتە باللار باغچىسى"
ۇپ، تۆۋەن ھەق بىلەن ھەر مىللەت
رنى قوبۇل قىلىش بىلەن، جەمئىيەتتە زور
ىشقا ئېرىشتى ھەمدە باللار تەربىيىسى
ەتتە تۆھپە ياراتتى. سۈرەتتە: مۇھەممەت
ھاجىم ۋە باللار تەربىيىچىلىرى پەرىشتە
بىلەن بىللە.

(سۈرەتنى ئوسمان سېلىم تەمىنلىگەن)



مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىدىن ئۈچ نەپەر ياش ئىمام—ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ 28 ياشلىق ئىمامى ئابدۇللا ئابابەكرى، قازاق مەسچىتىنىڭ 24 ياشلىق ئىمامى ئادىلقان لەتىپ، خۇيزۇ مەسچىتىنىڭ 28 ياشلىق ئىمامى ما چېڭخۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا سانجى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە ۋە ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، بىر-بىرىنى قىزغىن تەبرىكلەشتى.

(ئەركىن يادوللا ئوغلى فوتوسى)

**مۇسۇلمانچە مەھسۇلات**

## مۇسۇلمانلار ئالىي چىش مەلھىمى

«تيەنفاڭ» (天芳) ماركىلىق مۇسۇلمانلار چىش مەلھىمى يۇقىرى تېخنىكا خادىملىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەن بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئالىي چىش چوتكىلاش مەلھىمى بولۇپ، تيەنجىن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نازارەتچىلىكىدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن مەسچىت كارخانىسىدا مەخسۇس ماشىنا ۋە مەخسۇس لىنىيىدە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە ۋە ئېتىقادىغا تولۇق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىلغان. ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن گلىتسېرىن ئىسلام دۆلىتى مالايشىيا ۋە ھىندونېزىيىدىن كىرگۈزۈلگەن كوكوس يېغىدىن چەككىلىۋېلىنغان، ھايۋانات مېيى گلىتسېرىنى ئىشلىتىلمىگەن، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن خام ئەشيالارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئەشيالار بولۇپ، ھېچقانداق خىمىيۋى دورا ماتېرىياللىرى قوشۇلمىغاچقا، ئۇنىڭدا قىلچە زىيانلىق تەسىر يوق.

بۇ مەلھەم پاكىز ۋە مېۋە تەمى پۇرىقىدا خۇش ھىدلىق بولۇپ، ئېغىزدىكى زىيانلىق مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش، سېرىق پۇراقنى ئېلىش، ئېغىزنى پاكىزلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، چىشنى ئاسراش، ساغلاملاشتۇرۇش ئۈنۈمىگە ئىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ناھايىتى باپ كېلىدۇ.

تيەنجىن شەھىرى جىننەن رايونى شياۋجەن بازىرى سىداۋگۇ مەسچىتى
تيەنجىن مىللەتلەر كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى خىمىيە زاۋۇتى
天津市津南区小钻镇四道沟清真寺　天津市民族日用化学厂
电话：022－28619227 :تېلېفون　邮编：300353 :پوچتانومۇرى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1996-يىلى ... كەلتۈرۈلۈ...
جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئۈچ يىلدىن بۇيان، ناھايىتى تېزلا كەڭ ...
قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، مۇشتەرىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. ... ئاقلا، ...
ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلى...
سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي بىلىملەر ۋە ئىبادەت-رەسمىيەتلەرنى بىرلى...
كەلتۈرۈش، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلا...
ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ ...
ئۈنۈملىك ۋە مەلۇم تەسىرگە ئىگە بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ قالدى.

مەزكۇر ژۇرنال مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلە...
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ، ھەر يى...
تۆت سان چىقىدۇ، ژۇرنالنىڭ 1999-يىللىق سانلىرىنىڭ تاق باھاسى ئۈچ يۈەن سەكـ...
پۇڭ، يىللىق باھاسى 15 يۈەن 20 پۇڭ (پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

1999-يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 10-ئايدا باشلىنىدۇ. مۇشتە...
بولغۇچىلار جايلاردىكى مۇشتەرى توپلاش ئورۇنلىرىغا (ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە) ياكى تە...
بۆلۈمىمىزگە بىۋاسىتە مۇشتەرى بولسا بولىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق توپلىمىمۇ 12-ئاينىڭ باشلىرى نەشردىن چىقـ...
باھاسى 20 يۈەن (پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ تەلىپ...
ئاساسەن، 1997-يىللىق ۋە 1996-يىللىق توپلامدىنمۇ يەنە بىر قىسمى توپلام قىل...
ئىشلەندى. بۇ ئىككى يىللىق توپلامنىڭ باھاسى ھەربىرسىنىڭ 15 يۈەن (پوچتا ھەق...
شۇنىڭ ئىچىدە). توپلاملارنى سېتىۋالغۇچىلار ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە تەھرىر بۆلۈمى...
بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلسا بولىدۇ، يۈزدىن ئارتۇق سېتىۋالغۇچىلارغا 20 پىرسەنت ئې...
قىلىنىدۇ.

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە، تەشكىلات، مائارى...
مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇش...
قىزغىن قارشى ئالىمىز، رەھمەت. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈ...

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

غۇلجا شەھىرىدىن (تىجارەتچى): مۇھەممەد ئىمىن ھاجىم
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابدۇۋاھت ئەمەت
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابلىھېكىم ھاجىم ئىبراھىم ھاجى
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): تۇرسۇن قارىي ئابابەكرى ھاجى
بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدىن (ھازىر تىجارەتچى): ياسىن ئەسەيدۇللا
ئاقسۇ ئۈچ-تۇرپاندىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): بەختىيار قادىر

ISSN 1007-5836
09
9 771007 583001

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»
《中国穆斯林》(维吾尔文版)
1998-يىل 3-سان (ئومۇمىي 48-سان)
1998 年第三期(总 48 期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B
刊号：ISSN 1007—5836 / CN11—1346/B

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　باھاسى: 3.00 يۈەن
公开发行　定价：3.00 元